# شۇ كېچە



ئابلز ئوسمان

شنجاڭ خەلق نەشرياتى



ئابلىز ئوسمان

# شۇ كېچە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

那个夜晚/阿布力孜著. 一乌鲁木齐:新疆人民出版社，2003.5
ISBN 7-228-08040-8

Ⅰ. 那… Ⅱ. 阿… Ⅲ. 诗集一作品集一中国一当代一维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2003)第 039652 号

责任编辑:阿迪力江·阿布都沙拉木
责任校对:热娜·阿布里米提
封面设计:穆拉丁·阿比迪

**那个夜晚** （维吾尔文）

（诗集）

阿布力孜·吾斯曼 著

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮编:830001）
新疆新华书店发行
乌鲁木齐降益达印务有限公司印刷
787×1092 毫米　32 开本　5.25 印张
2003 年 5 月第 1 版　2003 年 5 月第 1 次印刷
印数:1—5000 册

ISBN 7-228-08040-8　定价: 8.00 元

# مۇندەرىجە

ئاي بىلەن چولپان ........................................ 1
مىنىڭ يېزام........................................ 5
بىر باغلام تەمەچ ........................................ 7
مەجنۇنتال ........................................ 10
بۇلاق لىرىكىسى ........................................ 12
جۇپ غاز پاجىئەسى ........................................ 13
يىغىڭلار يامغۇرلار، يىغىڭلار ........................................ 15
جانانغا........................................ 17
كۆز ........................................ 19
قىش دالاسى ........................................ 20
مۇھەببەت مەنزىلى ........................................ 22
ھايات ........................................ 24
شۇ كېچە ........................................ 25
لوپنۇر لىرىكىلىرى ........................................ 28
تۇمۇچۇقۇم ........................................ 35
بالىلىقنى سېغىنىش ........................................ 36

تەنھالىق ناخشىسى ........................ 39
ھىجران لەززىتى........................ 41
يەر ئانىغا ........................ 48
چەت سەھرا خاتىرىسى ........................ 50
ھەيكەل دولقۇن ........................ 51
«مۇھەببەت» كە نەپرەت ........................ 54
تىگىرقاش ........................ 55
تەبىئەت ۋە مەن ........................ 56
باغلىنىش ........................ 57
ساي خاتىرىلىرى........................ 58
غەزەللەر ........................ 61
يۈرەك تامچىلىرى ........................ 69
ئۇۋا لىرىكىسى ........................ 73
قۇملۇقتىكى ئىزلار........................ 76
ناخشا ئاڭا تىكىلگەن ھەيكەل ........................ 79
ئەزرائىلغا ........................ 81
ئادەم ........................ 82
ياشلىق ........................ 82
كۆزلەر ........................ 84
يىراق شەھەرگە خەت ........................ 85
كەل، ئازابلىرىم ........................ 86

ئەرۋاھقا سۆز ........................ 88
سۇرەتتىكى يەر ........................ 89
يىلتىز كۈيى ........................ 91
تاش ........................ 96
شېئىر رىۋايىتى ........................ 97
كەچ كۈز لىرىكىلىرى ........................ 98
نورۇز لىرىكىسى ........................ 100
ياز لىرىكىلىرى ........................ 103
تاماكا قالدۇقى ........................ 105
باغ لىرىكىسى ........................ 107
ئۇجمە دەرىخى ........................ 109
تارىم دەرياسى ........................ 111
كۆرگەن سېنى ئاشۇ چاغ نورۇزلۇقتا ـ ئېكراندا........................ 113
چوققىلاردىن ئاقار مۇھەببەت ........................ 117
دەرياغا چۆمۈلۈش خاتىرىسى ........................ 119
دىئالوگ........................ 120
قايتىش ........................ 121
باھار مونولوگى ........................ 122
قاتناش ۋەقەسى........................ 127
سەھەر ........................ 128
تۇغۇلغان كۈن ........................ 129

قۇلى بولما ئۆزۈڭنىڭ ........................................ 130
ھەسەن ـ ھۈسەن .................................................. 132
شەپەق لىرىكىسى ................................................ 134
چۇشۇمدىكى دەريا ................................................ 135
مۇبارەك ئاتىجان تۇغۇلغان كۇنۇڭ ........................ 136
ئايالىمغا ........................................................ 138
رۇبائىيلار ........................................................ 141
ياز ئاخشىمى، ئارچىزار، چىملىق ........................ 144
ئۇرۇمچى ئەستىلىكلىرى .................................... 146
سونېتلار ........................................................ 155

# ئاي بىلەن چولپان

(مەسەل)

ئاق كېچە بوشلۇقتا ساناقسىز يۇلتۇز،
يۈرەتتى كائىنات ئىچىنى كېزىپ.
بىردىنلا ماختىنىپ كەتتى تولۇن ئاي،
جىمىكى ئالەمنى لەرزىگە سېلىپ:

«گۈزەللىك شاھىمەن ئالەمدە بىرلا،
ھەممىگە داڭلىقتۇر ھۆسن ـ جامالىم.
نۇرۇمدا كۆلىدۇ جىمى مەۋجۇدات،
ئۇنىڭغا كۆز يۇمماس تەڭرىم ـ ئىلاھىم.

كېچىدە يورۇسام ھۆسنۈمگە تولۇپ،
سەييارە يۇلتۇزلار قالۇر مەست بولۇپ.
يەر شارى جورام دەپ قىلسا خۇشامەت،
ئىنسانلار ھۆسنۈمگە قىلىدۇ تەزىم. . .»

تولۇن ئاي كۆرەڭلەپ سۆزلەۋاتقاندا،
شەخسىي نام غەرەزنى كۆزلەۋاتقاندا.
چولپاننىڭ سۆزلىرى جاراڭلاپ كەتتى،
شاماللار ئارقىلىق ھەممىگە يەتتى:

«تولۇن ئاي ماختانماي ئەينەككە قارا،
يۈزۈڭدە قارا داغ، ئىچ ـ ئىچىڭ يارا.
باق ماڭا ئۆزۈڭنى ماختىماي ئۇنچە،
مەشھۇرمەن جىمىكى يۇلتۇزلار ئارا.

كىرپىكىم ئالتۇندۇر، كۆزلىرىم نۇرلۇق،
سەھەر ھەم كېچىدە چاچىمەن يورۇق.
مەپتۇن بوپ ھۆسنۈمگە جىمى مەۋجۇدات،
ئىگىلىپ بىلدۈرەر ماڭىلا قۇللۇق.

ھۆسن ھەم لاتاپەت كۆركى ـ شاھىمەن،
كائىنات ئىچىنىڭ نۇرلۇق كۆزىمەن.
ماڭا تەڭ كەلگۈدەك يەنە گۈزەل يوق،
ماختانسام تامامەن توغرا ھەم يوللۇق.»

چولپانمۇ ماختىنىپ تۇرغاندا شۇ دەم،
بىر سۇنئىي ھەمراھ كەلدى تېز ئۇچۇپ.
داڭ قالدى كۆكتىكى بارلىق جىسىملار،
چولپان ھەم تولۇن ئاي قارىدى چۆچۈپ.

سۇنئىي ھەمراھ شۇنداق ئەيلىدى زۇۋان:
«يولتۇزمەن ئەقىللىق ئىنسان ياسىغان.
سەيلى قىلىپ ئۇچىمەن كائىنات ئارا،
كۆكسۇمگە زەپەرنىڭ گۈلى تاقىغان.

ئىنساننىڭ ئەقلى چوڭ، ئۇندا كۆپ خىسلەت،
ئۇنىڭسىز يېشىلمەس ھېچقانداق ھېكمەت.
ئەي چولپان، تولۇن ئاي بولساڭمۇ سىرلىق،
ئاقىۋەت ئىنسانغا قىلىسەن خىزمەت»

ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تولۇنئاي،
چولپانغا قارىدى، قىزاردى يۈزى.
چولپانمۇ خىجالەت ئىلكىدە قالدى،
ئىنسانغا ھۆرمەتتە تىكىلدى كۆزى.

بۇ سۆھبەت بوپتىكەن كۆكتە ھاۋادا،
سۈنئىي ھەمراھ، چولپان، تولۇن ئاي ئارا.
سىر ئەمەس ئىنسانغا ئاي، چولپان بۈگۈن،
ئەتىلا چىققۇسى مارسقا يانا. . . .

1983 - يىلى 3 - ئاپرىل، ئۈچتۇرپان

# مېنىڭ يېزام

ئورالغان بوْككىدە مېۋىزارلىققا،
سوْيوْملوْك يوْرتوْمنىڭ كەڭ قوْچاقلىرى .
چىمەنلىك دالىنى سوْيوْپ باغاشلاپ،
شاقىراپ ئاقىدوْ شوخ بوْلاقلىرى.

كوْموْش رەڭ تاغلىرى توْرىدوْ مەغروْر،
دولقوْنلوْق بوْلوْتنى پەستە قالدوْروْپ.
لاچىنلار سامادا قىلىدوْ پەرۋاز،
چىمەنلەر ئوْستىدە ئايلىنىپ يوْروْپ.

كوْروْنەر ئاجايىپ گوْزەل ۋە كوْركەم،
يوْلغوْنلار قىزارتقان سايلىق ـ چوْللىرى.
قوزغايدوْ هاياتقا سوْيگوْ ـ موْهەببەت،
زوْمرەتتەك سوْپسوْزوْك دەريا ـ كوْللىرى.

يېشىللىق ئىچىدە كۆرۈنەر غىل ـ پال،
ئاق ئالتۇن رەڭگىدە ھاكىلانغان تامىلار.
تۇتاشتۇر ئۇلارنىڭ ھويلا ـ مەھەللىسى،
گىرەلەر سېلىشقان ھەتتاكى تاللار.

نەقەدەر ھۇزۇرلۇق يۇرتۇم سەھىرى،
باغلاردا بۇلبۇلنىڭ ئاۋازى ياڭراق.
تاڭ بىلەن باشلىنار ئىتىزدا ئەمگەك،
تاڭ بىلەن جانلىنىپ كېتىدۇ ھەر ياق.

ئىھ، قانداق كۆڭۈللۈك، قانداق ھۇزۇرلۇق،
مۇشۇنداق ماكاندا ئۆسۈپ ـ يېتىلىش.
قارىسام يېزامنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە،
ئۇرغۇيدۇ قەلبىمدە سۆيگۈ ـ ئىنتىلىش!

1983 ـ يىلى، ئۆكتەبىر

# بىر باغلام تەمەچ

ئەيىبلىمە تەكەببۇر دەپ بىراۋنى،
قاراپ باققىن ئۆزۈڭ ئاۋۋال ئەينەككە.
چىقىۋالسا ئىگىز ياققا پىيالە،
گۇناھ قويۇش لازىممىدى چەينەككە؟

*

ئۈمىد، چىدام قانات ئىنسانغا،
يەتكۈزەر ئۇ باغ - گۈلىستانغا.
ھۆرۈنلۈقنىڭ مەنزىلى دوزاخ،
خار قىلىدۇ بىر بۇردا نانغا.

*

چىۋىن شۇنداق ئويلارمىش:
«پالاق قىلىپ بىر جۈپ قاناتنى،
ئۇرۇپ - سوقسام ئادىمىزاتنى!»

*

ھەيرانمەن ئېتلارغا،
قاۋايدىكەن،
كۆن تاغلارغا مۆككەندە.
ئەل ئۇيقۇغا چۆككەندە!
توۋا،
بۇ ئۇنىڭ كۆلكىسىمۇ،
ياكى ئاچچىق يىغىسى؟
كۈندۈزلىرى قىلار ئوغرىلىق،
بەلكىم ئۇنىڭ ئىگىسى !

*

تومپايغاندا يانچۇقۇم،
سەن كېلەتتىڭ ھېجىيىپ.
توۋا،
كەلسە ئازراق ئامىتىڭ،
تۇرسەنغۇ گىدىيىپ؟

*

كۆرگەنىدىم تېخى تۈنۈگۈن،
شاخلىرىنى ئېگىشىپ،
ياپراقلىرى تېگىشىپ.
يانداش تۇرغان بىر جۈپ گۈلنى،
بۈگۈن كۆردۈم چىققاندا بوران،
تۇرىدۇ ئەنە:
بىرسى ئۆيان،
بىرسى بۆيان.
يېرىم قىلىپ پۈتۈن كۆڭۈلنى. . . .

1984 - يىللار

# مەجنۇنتال

تۇرسەن مەجنۇنتال شۇنچىلىك غەمكىن،
ئېيتقىنا يولۇقتۇڭ قانداق خەتەرگە.
قېنى ئۇ سەندىكى زىبا ـ گۈزەللىك،
ياپيېشىل ياپرىقىڭ كەتتى قەيەرگە؟

باغدىكى دەرەخلەر تۇرسا شادلىنىپ،
مېۋىسى تۆكۈلۈپ ئانا تۇپراققا.
نە ئۇچۇن مۈكچىيىپ بويۇن قىسىسەن،
شاخلىرىڭ شامالدا چۇشۇپ ھەرياققا.

بىلىمەن، باھاردا كۆلگەنتىڭ مەغرۇر،
ئۇيناتسا تېلىڭنى ئەركە شاماللار.
مېۋىلىك دەرەختىن تورسا چېچەك،
قۇچقانتى دىلىڭنى غالىب خىياللار.

ھە بۈگۈن كەلگەندە ئۆمرۈڭنىڭ كۈزى،
ئوخشاپتۇ ھالىتىڭ تىرىك مۈردىغا.
بولدى قوي، مۈڭلانما ۋاقىت رەھىمسىز،
ياشلىقىڭ كەلمەيدۇ ئەمدى ئورنىغا!

1984 - يىلى، 13 - نويابىر

# بۇلاق لىرىكىسى

بۇلاق. . . .
ۋىلىق ـ ۋىلىق كۆلگەندەك بوۋاق،
يەر تېگىدىن ئوخچۇپ چىقىسەن،
قىز كۆزىدەك ئويناق ۋە ئوماق.
قىزىق ئىش ـ ھە؟
ئوت قالىغاندەك تېگىڭدىن ،
قاينايسەن بۇلدۇقلاپ.
ئېيتقىنا سوراي سېنىڭدىن:
نە سەۋەب قىشتا ئىللىقسەن،
تومۇز ئايلىرى
مۇز كەبى سوغۇق؟

1984 ـ يىلى 10 ـ دېكابىر

# جۈپ غاز پاجىئەسى

دەريا ئاقار ئۈنچە ـ مارجان چاچرىتىپ،
ئۈزىن ئۆرۈپ يېشىل چىملىق قىرغاققا.
دولقۇنلۇق سۈزۈك سۇنىڭ شاۋقۇنى،
ئاڭلىنىدۇ ناخشا بولۇپ قۇلاققا.
ئەتراپ گۈزەل خۇددى رەڭدار سۈرەتتەك،
ئۆرۈلىدۇ گۈللەر ھىدى دىماغقا.
مەن ماڭىمەن شېرىن خىيال ئىلكىدە،
كۆزلىرىمنى تىكىپ ئۇزاق ـ ئۇزاققا.
شۇ تاپ مېنىڭ قەلبىمدە بىر كەڭ دالا،
ئۇنى كېزىپ ئاقار سۆيگۈ دەرياسى.
«ۋىجدانلىق بول» دەيدۇ يۈرەك چۇقاپ سېلىپ،
كۆرۈنگەندە ئوماق يارنىڭ سىماسى.
توساتتىنلا چۇشتى كۆكتىن بىر جۈپ غاز،
قانات قېقىپ خۇشال، لەرزان، شوخلىنىپ.
سۈزۈك سۇلار سالدى ئاڭا پاياندار،
قاراپ قالدىم مەنمۇ دىلىدىن زوقلىنىپ.
ئېھ، شۇ تاپتا بولسا ئىدى جانانىم،
قىلسام ئاڭا ئىشقىم بىلەن ئىشارەت.

بىللە كۆرسەك بىر جۈپ غازنىڭ ھالىتىنى،
چىن سۆيگۈدىن بېرىپ شۇدەم بېشارەت.
يار بولغاندەك ماڭا يارنىڭ ۋىسالى،
مەست بولدۇممەن ئىچىپ خىيال شارابى.
تارتىشىمنى نەبىلەيمەن شادلىقتا،
تۇيۇقسىزلا ھىجران ئوتى ئازابى.
«پاڭ - پۇڭ» قىلىپ كەلدى ئوقنىڭ ئاۋازى
ئۇۋچى مۆككەن قىر كەينىدىن - پىنھاندىن.
ئىككى غازنىڭ بىرى شۇدەم يىقىلدى،
كەتتى ئوچۇق كۆزى ئۇنىڭ ئارماندىن.
يەنە بىرى نالە - پەرياد كۆتەردى،
قىزىل قانغا بويىغالغاندا مەشۇقى.
توي ئايلاندى گويا قايغۇ - ماتەمگە،
بېسىپ دىلنى مۇڭلۇق ھىجران قوشىقى.
..............................
ئاھ، دېدىممەن كۆزلىرىمدىن ئاقتى ياش،
قەلبىم تولۇپ ئاچچىق ئەلەم - ئازابقا.
«لەنەت» دېدىم جۈپ يۈرەكنى ئايرىغان،
باغرى قاتتىق شۇ ئۇۋچىغا، كاززاپقا.

1984 - يىلى 17 - دېكابىر، ئۈرۈمچى

# يىغىڭلار يامغۇرلار، يىغىڭلار...

يېيىلدى ئاسمانغا كۆل رەڭ بۇلۇتلار،
ناز بىلەن تۇرۇلدى ساما پەردىسى.
ئويغاندى جانلىقلار - قوڭغۇز ۋە قۇرتلار،
سىلكىنگەچ جاھاننى چاقماق نەرسى.

تۇرىمەن يىراقتا خىيال ئىلكىدە،
تۆكۈلەر ئۈستۈمگە باھار يامغۇرى.
تامچىلار چاقنايدۇ گۈلنىڭ بەرگىدە،
كۆلىدۇ قەلبىمدە كۆكلەم ھۇزۇرى.

ئېسىمدە ئاشۇ پەيت - خۇشلىنىش چېغىم،
يار لېۋى لېۋىمگە تەگكەن مىنۇتلار.
ئۇ دېگەن گىرە سېلىپ: «ئامرىقىم جېنىم»،
«ئاھ، سىزگە يار بولسۇن ئۈتۈق ۋە قۇتلار».

لەززەتتىن مەست بولۇپ يايرىغان دىلىم،
ھەم شۇ چاغ گۈل سۈيى سەپكەن بولۇتلار.
ئېھ، شۇڭا مەن دەيمەن: «يېغىڭلار يامغۇر...»،
«سۆيگۈدىن قەلبىمدە ياندۇرۇپ ئوتلار».

1985 - يىلى، 19 - ئاپرېل

# جانانغا

ئۇچرىشىپ قالىمىز نىگاندا،
گاھىدا چوڭ يولدا، گاھى پىنھاندا.
شەلپەردەك قىزىرىپ يەرگە قارايسەن،
مەنمۇ ھەم قارايمەن ئوتلۇق ئارماندا.
ئېيتقىنا ئەي جانان بارمۇ ئېسىڭدە،
بىر چاغلار ئوينايتتۇق ئېتىز، خاماندا.
تارتىنىش يوق ئىدى بىزدە قىلچىلىك،
ئۆتەتتى كۈنىمىز كۈلكە - خەنداندا.
كېپىنەك مىسالى يۈرەتتۇق لەرزان،
توپىلىق يوللاردا، گۈللۈك بوستاندا.
بىرىمىز «ئەر» بولۇپ بىرىمىز «ئايال»،
ئاش ئېتىپ ئوينايتتۇق يۇگۇرۇپ ھارغاندا.
ھە مانا چوڭ بولدۇق، كەتتى بالىلىق،
ئوقۇدۇق، يۈرۈمىز شەھەر تاماندا.
چىنىقتۇق، تاۋلاندۇق، بولدۇق نەۋقىران،

گاھىدا قىياندا، گاھى بوراندا.
ئەجەب ئىش بالىلىق چاقناتقان ئۈچقۇن،
ئىھ، مانا ئۇلغايدى لاۋا ـ گۈلخانغا.
ئېيتقىنا ياشلىقتا شۇنداق يۈرۈشۈپ،
ۋىسالغا يېتەمدۇق چاچ ئاقارغاندا.

1985 ـ يىلى، 29 ـ ئاپرېل

# كۆز...

تۆكۈلىدۇ كۆز غازاڭلىرى،
رەڭگى سۇلغۇن، غەمكىن ـ پەرىشان.
سەلكىن، سوغۇق كۆز شامالىلىرى،
ئۇچۇرىدۇ ئۇلارنى ھەر يان.
سۇس تاۋلىنار مەغرىب ئاسمىنى،
ئۇندا قىرى قۇياش چارچىغان.
تاغ ئۇستىدە ئەگىيدۇ سۇرلۇك،
سايە تاشلاپ بۇلۇت ۋە تۇمان.
كەچكى قۇياش نۇرىغا قاراپ،
تۇرار ئەنە بوۋاي خىيالچان.
كۆزلىرىدە چاقنايدۇ ئەجەب،
گاھىدا غەم، گاھى ھاياجان!

1986 ـ يىلى، 22 ـ دېكابىر

# قىش دالاسى

ياتىدۇ ئاپئاق قار ئاستىدا،
تاغ بىلەن باغلارنىڭ ئارىسى.
چىلىقار كۆزۈڭگە يىراقتىن،
كىمنىڭدۇر چېكىتتەك قارىسى.

ماۋقتەك ھەم يۇمشاق ھەم ئاپئاق،
كۆرۈنەر سۈت رەڭگى كەڭ دالا.
يوقالغان نەگىدۇر ۋاڭ - چۇڭلار،
كۆرۈنمەس بۇ يەردە ئات - كالا.

ئاق قارغا ئورالغان دەرەختە،
«پۇر» قىلىپ ئۇچىدۇ ئاق قۇشقاچ.
رەگەتكە تۇتقان بىر شوخ بالا،
ئىنىقكى ئۇنىڭغا ئاتتى تاش.

تۇرخۇندىن ئۆرلىگەن تۇتۇنلار،
تۇتۇشار كۆكتىكى بۇلۇتقا.
تەلمۇرۇپ قارىشار تاغ ھەم باغ،
سىرلىق بىر تۇس بېرىپ بۇ يۇرتقا.

ياتىدۇ ئاپئاق قار ئاستىدا،
تاغ بىلەن باغلارنىڭ ئارىسى.
كۆكتە ئاي، يەردە قار، كەڭ دالا،
كۈمۈش رەڭ تۇس ئالار كېچىسى.

باغ مېنى ئۈزىتىپ قالىدۇ،
كۈتىدۇ ئاق چوققا ـ يىراقتا.
ماڭىمەن قار كېچىپ تىنىمسىز،
ئىزلىرىم قالىدۇ تۇپراقتا...

1986 ـ يىلى، 26 ـ نويابىر

# مۇھەببەت مەنزىلى

ئاي ئۈزىدۇ بۇلۇتلار ئارا،
گاھى پىنھان، گاھى كۆرۈنۈپ.
كۆرۈنمەيدۇ كۆكتە يۇلتۇزلار،
بۇلۇت كىلەر سەلدەك سۈرۈلۈپ.

ئەي، سەن قاچان، كەتتىڭكىن، قايان؟
رۇخسارىڭنى سىغىندىم زەپمۇ.
سىرلىرىمنى تۆكتۈم نەچچە رەت،
بىز ئايلانغان ساھىلغا كەپمۇ.

تەنها دەرەخ جىمجىتلىقىدا،
چۇشلىرىمدە چۇرۇقلايدۇ قۇش.
ئايلاندىمەن ئازغۇن يەلكەنگە،
سۆيگۈك ئارا لەيلىگەن بىھۇش.

مەۋج ئۇرار قەلبىمدە ھىجران،
ئەجەب بەخت چۆمۇلۇش ئاڭا.
كەل، ئەي ئازاب، مىنەي ئۇستىڭگە،
سۆيگۇ نەدە، ۋىناس قەيەردە؟
بۇدەم ئۇچقۇر تۇلپار بول ماڭا.

1986 - يىلى، 2 - سىنتەبىر

# هايات

ئاستىم تىك هاڭ،
ئۈستۈمدە چوققا،
مەن تۇرىمەن ئۇندا تىركىشىپ.
ئۈمىدسىزلىك سۆرەر پۇتۇمدىن،
ئۈمىد تارتار ئىككى قولۇمدىن.
ئۈستۈمدە هايات،
ئاستىمدا مامات

1986 ـ يىلى، دېكابىر

# شۇ كىچە

گۈللۈك ھويلا، يېشىل باراڭلىق،
قىزنىڭ كەتكەن ئولتۇرۇش ئۇندا.
گاھى تانسا، گاھىدا ئۇسسۇل،
داۋام قىلار خۇشال يوسۇندا.
تويى بولدى بۈگۈن شۇ قىزنىڭ،
شاد تەبەسسۇم گۈلدەك مەڭزىدە.
گاھ قىزىللىق، گاھى تارتىنىش،
ئەكس ئېتەر ئوماق ھۆسنىدە.
قاراپ - قاراپ قويار زوق بىلەن،
يېنىدىكى جۈپتى - يولدىشى.
پىچىرلايدۇ نېمىلەرنىدۇ،
پىسىڭىدە كۈلۈپ قولدىشى.
تويى بولدى بۈگۈن شۇ قىزنىڭ،
بەخت تىلەر ھەممە ئۇلارغا.
ئېچىلمىسۇن قېنى قايسى گۈل،

ئېرىشكەندە كۆكلەم باھارغا؟

*

ئاشۇ كېچە، ئاھ، ئاشۇ كېچە،
مەلۇم ئەمەس ھېچكىمگە بىر سىر.
يامغۇر ياغدى تۈن نىسبى بىلەن،
ياپراقلارغا ئۇرۇلۇپ شىر - شىر.
ئورمانلىقتا - قاراڭغۇلۇقتا،
بىر مەست يىگىت كېلەر مۇدۇرۇپ.
كىيىملىرى چىلىق - چىلىق سۇ،
كېلەر يىغلاپ ۋە گاھى كۈلۈپ.
نە سەۋەبتىن چىقتى بۇ يەرگە؟
مەلۇم ئەمەس ھېچكىمگە بۇ سىر.
پەقەت سىم - سىم يامغۇر تامچىسى،
ياپراقلارغا ئۇرۇلار شىر - شىر.
يىگىت كەلدى شۇ كونا جايغا،
مەجنۇنتاللىق بۇلاق تۈۋىگە.
مەجنۇنتالنى قۇچاقلاپ بىر پەس،
بىر نېمىلەر دېدى ئۆزىگە.
تارام - تارام ئاچچىق كۆز يېشى،
سىرغىپ چۈشتى تىنىق بۇلاققا.
بۇلاق سۈيى غەمكىن كۈي بىلەن،

ئېلىپ كەتتى ئۇنى يىراققا. . .
تويى بولدى بۇگۈن شۇ قىزنىڭ،
ۋىسال تاپتى بەخت ئىچىدە.
بىراق، شۇ قىز بىلمەيدۇ شۇنى،
بىر مەست يىگىت يۈرەر كېچىدە.

1987 - يىلى، 19 - ئىيۇل

# لوپنۇر لىرىكىلىرى

## 1. دۆخقوتان خاتىرىلىرى

دۆخقوتان① !
كەلمەي تۇرۇپ ئاڭلاپ بۇ نامنى،
چىن يۈرەكتىن ئىنتىلىپ ساڭا،
كەلگەن كۈنى بەردىم سالامنى.

ئاشۇ چاغ:
كۆز ئالدىمدا بولدى نامايان،
يېشىل يايلاق —
چارۋىلارنىڭ ئۆركەشلىرى.
ئاشۇ چاغ:
ياڭراپ كەتتى قۇلاق تۈۋىمدە،
قوي. . . كالىنىڭ مۆرەشلىرى!

*

سىنىڭ ئاپئاق،

قايماق كەبى يۇمشاق توپاڭنى،
كەچتىم ياياق ھوشۇقۇمغىچە.
ئاھ، شۇدەم
تاپىنىمدىن كىرگەن ھارارەت،
تاراپ كەتتى يۈرىكىمگىچە!

*

چۈمۈلدۈق ھۇزۇر بىلەن،
تۇزلۇق سۈيۈڭگە.
سىڭىپ كەتتى ئىشقىمىز،
دەريا ـ كۆلىڭگە.

*

كىچە،
بارخانلىرىڭ كۆرۈنەر غۇۋا،
توغراقلىرىڭ تۇرىدۇ خىيال سۈرۈپ.
يولتۇزلىرىڭ كۆز قىسىدۇ،
نىمىشقىدۇر ئوماق كۈلۈپ.

پىنھان جايدا قىمىرلاپ سايە،
ئۆچۈپ، يانار تاماكا چوغى.

ئەتراپلارغا تارايسەن خۇش بۇي،
شامال بىلەن جىگدە پۇرىقى.

نەدىندۇر ئاڭلىنار گىتار ئاۋازى،
ياڭرايدۇ قوينۇڭدا تۇگىمەس ناخشا!

## 2. قارچۇغا يوللىرى

قارچۇغا② يوللىرى. . .
چۇشۇم ئەمەس بۇ،
باغرىڭنى زوق بىلەن ياياق كەزگىنىم.
چۆمۈلۈپ يامغۇر ۋە شامالىرىڭغا،
ئۆزۈمنى راھەتتە ئەركىن سەزگىنىم.
ئېسىمدە، ھەر گىياھ گۈل - چېچەكلىرىڭ،
بويۇڭنى چىرمىغان مەزمۇت توغراقلار.
ئېسىمدە يۇلغۇنزار كەڭ ئېتەكلىرىڭ،
ئۇرغۇتقان قەلبىمدە ئوتلۇق قوشاقلار.

سەن ھايات يولىمۇ؟
كىم ماڭغاندۇ سەندە ئەڭ ئاۋۋال؟
ئۆز - ئۆزۈمگە قويىمەن سوئال.
ئىچىلىپ خىيالىم ئېكرانى شۇدەم،
بىر كۆرۈنۈش كۆرۈندى غىل - پال:
مالخاي كىيىپ، ئوقياردىن ئاسقان،
قاڭشارلىق ھەم مەزمۇت بىر بوۋاي؛
كېلەر مانا ئېتىغا مىنىپ،
ئەتراپلارغا ھوشيار كۆز سېلىپ.
قارچۇغىسى سىلكىيدۇ قانات،
كىشنەپ قويار قارا يورغىسى.
—ئەنە بوۋا، ئەنە بىر توشقان!
چۇقان سالار بەڭۋاش نەۋرىسى.

*

تەكلىماكان - قەغەزمۇ
ئۇپۇققىچە كېڭەيگەن؟
سەن بىر ئېسىل سۈرەتمۇ

گۈزەللىك ئىلاھى رەڭ بەرگەن؟
ئۈزەر يېشىل قوينۇڭدا
پادىلار بولۇتتەك توپلىشىپ.
ياۋا كەندىر چاتقاللىرىڭدا،
توشقانلار ئويناپدۇ قوغلىشىپ.
ئەينىكىڭمۇ دەريا ۋە كۆللەر؟
زىننىتىڭمۇ چېچەك ۋە گۈللەر؟
ھېچ بىلمىدىم ئىشقىڭدا كۆيۈپ،
شۇ ھالەتكە كەلگەنمۇ چۆللەر؟

*

بارخانلاردىن تاشلىدىم نەزەر،
ھۇزۇر بىلەن يىراق - يىراققا.
چەكسىز كەڭلىك گۈزەل نەقەدەر،
ئورمان ئوخشار يېشىل بەلۋاغقا.

بىر يېنىمدا قۇملار ئۆركىشى،
بىر يېنىمدا تەۋرەر يېشىللىق.
شۇ تاپ مەنمۇ يېشىل نۇر بولۇپ،
سىڭىپ كەتتىم قۇملۇق تۇپراققا!

## 3. بىر موماي...

— هويلا
قوْم بويىغا جايلاشقان،
توغراق سايە تاشلىغان،
بىرسى كوْلەر قاقاقلاپ...

توختاتتى مېنى،
ئوْنىڭ يېقىملىق كوْلكىسى.
بويوْن سوزدوْم،
كوْروْنەر دەپ
جانان قىزنىڭ جىلۋىسى.

نەدىن بىلەي،
چىقتى ئوْيدىن ياپپاسلاپ،
كوْلگىنىچە قاقاقلاپ،
نەۋرىلىرى بىلەن قوغلىشىپ،

شۈنچە خۇشال ئوينىشىپ،
ھاسا تايانغان،
چېچى ئاقارغان،
بىر شوخ موماي. . .

1987 - يىلى، ئاۋغۇست

---

① دۆڭقوتان — لوپنۇردىكى جاي ئىسمى.
① قارچۇغا — لوپنۇردىكى چەت بىر يېزىنىڭ نامى.

# تۇمۇچۇقۇم

بەخت قۇشۇم ـ شوخ تۇمۇچۇقۇم،
قوندى بېرىپ ياتنىڭ بېشىغا.
قاراپ قالدىم كەينىدىن ئۇزاق،
هەيران قالدىم ئۇنىڭ ئىشىغا.

قوغلىمىدىم كەينىدىن، بىراق،
خەير دېدىم سۈكۈت ئىچىدە.
تۇرۇلمىدىم، كۈلمىدىم زىنهار،
يۇلتۇزلارغا باقتىم كېچىدە.

يۇلتۇزلاردىن تاپتىم تەسەللى،
كۆلدى بىردىن قەلبىمدە بىر ئاي.
دېدىم شۇندا: خەيرى تۇمۇچۇق،
بولدى كەتكىن يولۇڭ كەڭ ئوچۇق.
لايىق ئىكەن ماڭا بوز تورغاي.

1988 ـ يىلى، 1 ـ يانۋار

# بالىلىقنى سېغىنىش

ئاھ، مەن كونا ئامباردىن،
تېپىۋالدىم —
كىچىككىنە چانامنى.
قاراپ قالدىم خىيالچان بىر پەس،
ئۆچرىتىقاندەك بالىلىقىمنى.
كۆز ئالدىمدا بولدى نامايان،
توز رەڭ خىيال، گۈزەل كائىنات.
كۈن نۇرىدەك پاك ۋە غۇبارسىز،
شۇ سۆيۈملۈك بالىلىق ھايات.
قۇلىقىمغا ئاڭلاندى مانا،
بالىلىقنىڭ چۇرقىراشلىرى.
قاتتىق سوغۇق، نەپەسلەر ئارا،
ئاپئاق ھورنىڭ پۇرقىراشلىرى.
كۆك مۇز قاتقان دەريا ۋە كۆللەر،
جىلۋە قىلار ئالدىمدا مانا.

ئانار يۈزلۈك ئوماق سەبىيلەر،
ھۆزۈر بىلەن تېيىلار چانا.
قوغلىشىشلار، يىقىلىشلار ھەم،
بۇندا راسا چىقار ئەۋجىگە.
ھېچكىم سەزمەس، بېرىلگەن تامام،
كۆن پاتقاننى تاغنىڭ كەينىگە.

*

ئاھ، مەن كونا ئامباردىن،
تېپىۋالدىم -
كىچىككىنە چانامنى.
شۇ دەم كەلدى ئېسىمگە بىر - بىر:
قېچىپ دەريا ۋە كۆللەر تامان،
قوغلاتقىنىم -
ئەنسىرىتىپ ئانامنى.
چۈشۈپ كەتكەنىدىم ھەم بىر كەچ،
چانام بىلەن چوڭقۇر كاچكۆلغا.
سۈزۈۋېلىپ مېنى بىر بوۋاي،
كايىپ كەتكەنىدى بىر تالاي.
شۇنىڭدىن بېرى يوقالغان چانام،
(تىقىپ قويغان ئۇنى جان ئانام).

........................

ئۇن - تۇشىسىز ئۆتۈپ كۆپ يىللار،
تېپىۋالدىم بۈگۈن مەن ئۇنى.
يۈرىكىمنى سالدى لەرزىگە،
بالىلىقىمنىڭ سۆرەن شاۋقۇنى.

1989 - يىلى، 9 - يانۋار

# تەنهالىق ناخشىسى

تەنها ئەمەس، تەنها مەن بىراق،
قەلبىمدە مۇز، سۆيگۈ يالقۇنى.
گاھ يەردىمەن، گاھىدا كۆكتە،
تىت ـ تىت قىلار ھىسلار دولقۇنى.
تۇيۇلىمەن بولۇپ بىر سازاڭ،
مىدىرايمەن جانسىز بىچارە. . .
مىجىلارمەن بەلكىم بىر چاغلار،
دەسسەشلەردىن بولۇپ مىڭ پارە.
جان بېرىدۇ ئەرۋاھىم شۇدەم،
جەسەتلەرنىڭ ئۆلۈك كۆزىگە.
تامچىلىرىم ياسايدۇ دولقۇن،
مەن كىرىمەن دەريا تۇسىگە.
تەنها ئەمەس، تەنهامەن بىراق،
قەلبىمدە مۇز، سۆيگۈ يالقۇنى.
شىۋىرلايمەن ياپراقلار ئارا،

ئەتراپىمدا قۇشلار شاۋقۇنى.
لەرزان ياڭرار يېشىل كۈيلىرىم،
زۇمرەتسىمان ئايدىڭ كېچىدە.
ئەللەيلەيدۇ خىيال ـ چۈشلىرىم،
دوزاختىمەن، جەننەت ئىچىدە.
ئويغىنىمەن ئاچچىق بوراندىن،
ۋۇجۇدۇمدا ئۈمىدسىز ئۈمىد.
مەيىن شامال ئىلكىدە شۇ دەم،
گاھ سازاڭمەن، گاھىدا بۈركۈت.

1989 ـ يىلى، 25 ـ ماي

# ھىجران لەززىتى

*

زەڭگەر قەدەھ، گۈلگۈن مەي ـ شاراب،
ھېسلىرىمنى ئويغاتتى يانا.
يۈرىكىمگە خۇشاللىق تاراپ،
ئايان بولدۇڭ ئالدىمدا مانا.
تەڭلەشتۈرگەن بىر چاغلار سېنى،
مېھرى ئاتەش ھاۋا ئانىغا.
قىلىقلىرىڭ كۈلدۈرۈپ مېنى،
ئوخشاتقانتىم ئوماق بالىغا.
ئەسلەپ قالدىم دەل شۇ سائەتنى،
يۈرىكىمنى قاپلاپ ئىزتىراپ.
قۇچقىن دەپ شۇ مەستخۇش ھالەتنى،
چىللىماقتا قەدەھ يالتىراپ.
چۆكتۈم شۇ دەم قەدەھ ئىچىگە،
كۈلدى ئۇندا ناز بىلەن ۋىناس.

مەست كۆيۈمنى چاچتىم كېچىگە،
مۇھەببەت دەپ ياڭرىتىپ قىقاس.
ئالدى مېنى ئىلكىگە مامۇق،
چىرمىۋالدى نازۇك گۈل بەدەن.
پورەك ئاچتى ئۇن گۈلۈم تولۇق،
ئاپئاق قاردا چاقنىدى چىمەن...

*

ئوخشاپ قالدى سۈلغۇن چىرايىم،
ئاي شولىسى سۆيگەن كۆك مۇزغا.
قاقاقلايدۇ تەلۋە سەپرايىم،
كۆز تىكمەسمەن يىراق يۇلتۇزغا.
چاقنار مانا بىر زۇمرەت ئېقىن ،
چېچەكلەرگە ئورالغان قىرغاق.
ئېھ، ئۇ ماڭا نەقەدەر يېقىن،
ياساپ قويدۇم سۆيگۈمدىن قولۋاق.
بولدى يوقال، قارا چۈشلىرىم،
تورلىرىڭغا بولمايمەن قامال.
ئەركىن ئۇچار سۆيگۈ قۇشلىرىم،
كۈن نۇرىغا چۆمۈلۈپ خۇشال.

*

ئىشەنچ ۋەيران قىلدى سۆيگۈمنى،
ئىشەنمەيمەن ئەمدى ۋاپاغا.
چېقىۋەتتىڭ ئۇيۇل كۆڭلۈمنى،
ئوقلىرىڭنى ئېتىپ خاتاغا.
بىز ئايرىلغان شۇ كۈل رەڭ گۈگۈم،
تەقدىرىمدىن بەرگەن بېشارەت.
ئوت چاچراتقان جۇپ تەلۋە كۆزۈم،
دىلىم بولغاچ ناھەق جاراھەت.
رەنجىمەيمەن سەندىن ئەزىزىم،
ئۆكۈنمەن ئۆزۈمدىن پەقەت.
يىراق تاشار مەڭگۈ غەزىپىم،
بىزنى جۇدا قىلدى ساداقەت.

*

سۆيگەنىدىڭ باخاشلاپ مەھكەم،
ۋۇجۇدۇڭدىن تارتىپ لەززەت.
مەست يۈرىكىم پىچىرلاپ شۇدەم،
دېگەن ساڭا تالىقمەن ئەبەت.
بارماقلىرىم بارماقلىرىڭدا،

چاچلىرىڭدىن پۇرايتتىم ئىپار.
بىلىقلىرىم قارماقلىرىڭدا،
ئوينار ئىدى شۇنچە بەختىيار .
دىل سۆيگۈمىز ئاتقاچقا قونتان،
ھەسەن - ھۈسەن چاقنىغان رەڭدار.
بىز ئويىنىغان رەڭگارەڭ مارجان،
رىشتىمىزغا تىزىلغان قاتار.
ھەر ئويلىسام ئاشۇ كۆرۈنۈش،
بىغىشلايدۇ ئارامسىز ئارام.
قالدى پەقەت ھەسرەت - ئۆكۈنۈش،
زەردابلارغا تولغان دىل يارام. . .

*

ئۇنتالمىدىم ئۇنتاي دەپ سېنى،
ئايان بولدۇڭ چۈشۈمدە تەكرار.
پەرىشانمەن قورشاۋلىق ئارا،
قىلالمىدىم سۆيگۈڭنى تارمار.
ھەمراھ قىلىپ يالغۇزلىقىمنى،
ۋىسالىڭغا بولدۇم ئىنتىزار.
ھەي، بۇ كېچە ئۇزۇن بەك ئۇزۇن،
مۇڭ تۆكىدۇ قەلبىمدە يەكتار.

*

يوقال ئەي ئاي، ئەمەسمەن خۇشتار،
نۇرلىرىڭ كۆل رەڭ هەم سوغۇق.
تۈنلىرىمنى يورۇتما زىنهار،
مەن باغلىدىم تاڭغا ئىشتىياق.
تەقدىرىمنى كۈتمەيمەن سەندىن،
بولسامۇ گەر غاردىكى بىر تاش.
يۈرىكىمنى ئاتسام ئۇپۇققا،
كۈلەر بىر كۈن يېڭى بىر قۇياش.

*

ئالتۇنۇم يوق، ئالتۇنمەن ئۆزۈم،
چۈشتۈم مىسكەر قولىغا بىراق.
ئالۋۇنلارغا ئالدانغان كۆزۈم،
يوللىرىمغا ياسىدى تۇساق.
تەقدىرىمگە تۆكۈلمەس يېشىم،
سۆيگۈڭ ئارا چاقىمەن چاقماق.
كۆرگۈڭ كەلسە كۆرۈپ كەت مېنى،
مەن ئۆزۈم شۇ چۆلدىكى توغراق.

*

تۇمانلارغا تولدى ئاسمىنىم،
كۆك كەپتىرىم يوقالدى تامام.
يوقتۇر سەندىن كۈتەر ئارمىنىم،
قەلبىمگە ئارا يوقالسۇن قارام.
چېچىۋەتتىم سۆيگۈمنى ھەر يان،
خالىساڭ گەر ئۆزۈڭ تېرىۋال.
ئوتلىرىڭدا قىينالسا بۇ جان،
توشقان قوغلاپ كېزەرمەن جاڭگال.

*

كۆزلىرىڭدىن يامرىغان زۇلمەت،
يۇتۇپ كەتتى ئىللىق نۇرۇمنى.
ئۇن - تىنۋشسىز قايتتىم ئاقىۋەت،
ھاپاش قىلىپ جۇل - جۇل سۆيگۈمنى.
قالدى قېتىپ ئۆلگەن تەبەسسۇم،
يۈرىكىمدە مۇڭلۇق بىر ئاھاڭ.
ئەتىۋارلاپ ئۆستۈرگەن گۈلۈم،
ئاھ، باھاردا تاشلىدى غازاڭ.
يىلتىزدىن قومۇرۇپ ئۇنى،

تىكىپ قوياي دەيمەن قەبرەمگە.
ھاياتىمنىڭ ئاخىرقى كۈنى،
تاپشۇرارمەن ئاللا ـ ئىگەمگە.

*

قارغىش تەگكۈر ئاشۇ سۈرەتكە،
قاراپ قالدىم خىيالچان بىر پەس.
نەپرىتىمگە ياغدۇرۇپ غەزەپ،
پاك سۆيگۈمدىن قوزغىدىم ھەۋەس.
خۇدا ھەققى، ئىلتىۋەت كىيىپ،
ساڭا ياندىاش تۇرمىسۇن گەۋدەم.
ساقلاپ قوياي بىراق مەن ئۇنى،
يۈرىكىم پاك، ھالالدۇر ۋەدەم.
«خەيرى» دېدىم يىراقتىن ساڭا،
ئەمدى سەندىن كۈتمەسمەن خەۋەر.
ئىھ، مەن ئۇچۇن بەختتۇر ۋىسال،
ئايرىلىش ھەم گۈزەل شۇ قەدەر. . .

1989 ـ يىلى، ئۆكتەبىر

# يەر ئانىغا

سېغىنىزلىق يەر. . .
زەپ يېقىملىق كۆرۈندى ماڭا،
سۆيۈۋالغۇم كەلدى ئەركىلەپ؛
يۈزلىرىدە چىرايلىق قورۇق!

كىچىككىنە قۇم دۆۋىسى،
بىر يېنى كۆك، بىر يېنى كۈل رەڭ؟
تىمىسقىلاپ يۈرەر كەسلەنچۈك؛
باردۇر ئۇنىڭ راھەت ئۇۋىسى،
يوق بۇ يەردە ئۇۋا ئۇچۇن جەڭ!

سەكرەپ يۈرەر پاقا، چېكەتكە،
يىڭناغۇچلار ئوينايدۇ لەرزان.
كىم خوجايىن، كىم ـ كىمگە دۈشمەن؟
باش چايقايدۇ قۇمۇشزار ھەر ئان!

ھەي تەبىئەت سېخىي سەن بىراق،
نېمەمنى كەم بەردىڭ ئويلاپ باق؟

1989 ـ يىلى، 14 ـ نويابىر

# چەت سەھرا خاتىرىسى

چەكسىز زېمىن، رەڭدار كائىنات،
يىراقلاردا گۈڭگا بىر خامان.
سەھرا يولى ياتار سوزۇلۇپ،
پاخال تېرىپ يۈرەر بىر ئىنسان.
. . . . . . .
ئوت كۆچۈرگەن كىم ئۇ زاۋالدا؟
بىتاب بولدى قاي بىچارە جان؟
پىلىلدايدۇ چىكتتەك گۈلخان!
چۇقان سالدى يۈرىكىم شۇدەم:
- ئەي، قېرىنداشىم،
ئوت كۆچۈرگىن نادانلىقىڭغا.
مەرىپەتتىن ياندۇرساڭ مەشئەل،
ئالتۇن توشار سامانلىقىڭغا!

1989 - يىلى، 20 - نويابىر

# ھەيكەل دولقۇن. . .

- ل. مۇتەللىپ خاتىرىسىگە

ياش تۆكمىدىم قەبرەڭ ئالدىدا،
بېشىمنى ھەم ئەگمىدىم زىنھار.
تىك ياشاشنى ئۆگەتكەن ئۆزۈڭ،
پاك ۋۇجۇدۇڭ قەلبىمدە پارلار.

نىگاھىمدا بىر ھەيكەل دولقۇن،
ئەزرائىلغا قىلمىدۇ خىرىس.
ئەي، سەن شائىر، پرومىتى سەن،
خىسلىتىڭدىن تىترەيدۇ زېۋس.

تەڭرىم سېنى ياراتقانمىدۇ؟
قۇياش، تۇپراق مۇھەببىتىدىن.
تومۇرۇڭغا بەرگەنمۇ قان، جان،
بورانقۇشنىڭ جاسارىتىدىن؟

ئۆلۈك ئەمەس تارىم بويلىرى،
گۈپ - گۈپ سوقار ياڭقۇنلۇق يۈرەك
قايىنىمىدا، دولقۇنلىرىدا،
جاراڭلايدۇ «خىيالچان تىلەك».

غىچىرلايدۇ قەدىم بۆشۈكۈم،
سەن تەۋرەتكەچ ئۆركەشلەر ياساپ.
ھالسىرايدۇ بىچارە ئۆلۈم،
ياڭرىغاندا «يىللارغا جاۋاب»

دانكو بولدۇڭ زۇلمەت قوينىدا،
يۈرىكىڭنى قىلىپ سەن مەشئەل.
شەرىپىڭنى يازدىڭ قايىنامغا،
ياسىدىڭ ھەم ئىلاھىي ھەيكەل.

يېلىنجايدۇ ياڭقۇنلۇق بىر ھېس،
ھەر ئويلىسام جاسارىتىڭنى.
تۆيۈلسەن تاغلاردەك مەغرۇر،
قىلىپ ئايان كامالىتىڭنى.

تاپتىم سەندىن ئادەملىكمنى،
ۋۇجۇدۇڭدىن تىرىلدىم قايتا.
كىم ئېيتىدۇ ئۆلگەن دەپ سېنى،
سەن ياشايسەن قاينام بار جايدا.

ياش تۆكمىدىم، ئەگمىدىم ھەم باش،
پەخىرلىكمەن قەبرەڭ ئالدىدا.
كۆز ئالدىمدا ھەيكەل دولقۇنسەن،
«ۋەتىنىم!» دەپ ياڭراتقان سادا. . .

1989 - يىلى، 20 - نويابىر

## «مۇھەببەت» كە نەپرەت

بولدى يېتەر، قوي سېھرىگەرلىكنى،
قارماقلىرىڭغا قۇرت ئەمەس يۈرەك.
كېتىشىم زۆرۈر سېنىڭدىن يىراق،
ساختا كۆڭۈلگە سىغمىدى تىلەك.

ئالۋۇن تاراپ جادۇ كۆزۈڭدىن،
يالغان نازلىرىڭ شۇملۇقتىن دېرەك.
كۆيۈپ كۈل بول دەمسەن يا مېنى،
ياساپ ئوتۇڭدىن كىچىك چەمبىرەك.

ياشلىرىڭ بىلەن توسما يولۇمنى،
ساختا سۆيگۈڭنى قىلىپ سەن كۆرەك.
مۇھەببىتىڭدىن بولدۇم جاق بىزار،
ئىزدەي ئۆزگە يار سېنىڭدىن بۆلەك.

1989 - يىلى 27 - نويابىر

# تېخىرقاش

كىم مېنى ئەۋەتتى كۆرسۈن دەپ سېنى،
رۇخسارىڭ قەلبىمنى قىلدى مالىمان.
مەن ئەخمەق ئەسىرى بولدۇم چۈشلەرنىڭ،
ئالۋۇنلار روھىمنى ئەيلىدى ماكان.
خۇمارلىق كۆزۈڭدە شادلىق جىلۋىسى،
لىغىرلار ئاچچىق ياش چاناقلىرىڭدا.
غۇنچىدەك لېۋىڭدە چىگىش تەبەسسۇم،
بىر دەريا ئەلەم بار زىناقلىرىڭدا.
سەن ئەمەس تونجى گۈل، ئۈزگەن كىم ئاۋۋال،
بەرگىڭدە يالتىرار ئاداققى شەبنەم.
نىگاھىم بېتىدىن سىرغىدى بەرگىڭ،
بەلكىم پاك تۇيغۇمدىن يېدىڭسەن بەرھەم؟
رەڭدار چۈش پەيلىرىنى يۇلدۇم ئاقىۋەت.
ياڭراتتىم كۈيلەرنى - بۇلغانغان ئەبجەش،
قەلبىمدە مۇھەببەت، كۆزۈمدە نەپرەت،
مۇز ئارا يېلىنجار ئىلاھى ئاتەش. . .

# تەبىئەت ۋە مەن

بىلىقلارنى يۈتتى قايسى نۇر؟
ساھىللاردا چايكا سۆڭەكى.
كەپتەرلەرگە يەتتىمۇ ئەجەل؟
قۇرۇپ قاپتۇ لاچىن يىلىكى.

ئىس - تۈتەكلەر لەيلەر ھاۋادا،
ياش تۆكىدۇ قۇياش سامادا.
قېنى ھېلى تىزىلغان چاڭگا،
قۇش ھازىدار ئۇرمانلار ئارا.

قۇرۇپ قالغان بىر شاخنى كۆرۈپ،
ئاقاردى تەڭ چاچ - ساقاللىرىم...

1990 - يىلى، 10 - يانۋار

# باغلىنىش

*

سەپەر قىلىپ نەچچە مىڭ يىللار،
قۇچىقىدا ئىمجان ئانامنىڭ؛
تېپىۋالدىم بوۋاقلىقىمنى.
ئۇچرىتارمەن قايسى كۈن؟
يوللىرىدا مەنزىللىرىمنىڭ،
خىزىر سۈپەت بوۋايلىقىمنى!

*

تاشلاپ ئولتۇرغىنىڭدا،
مەستخۇش بولۇپ دېڭىز كۆيگە.
تۈيمايسەن ئۇۋلانغىنىڭنى،
ئېچىرقىغان چايكا چۇشكە. . .

1990 ـ يىلى، 10 ـ يانۋار

# ساي خاتىرىلىرى

*

مەھەللىمىزنىڭ ئۇ چېتى سايلىق،
يۈرىكىمدەك تاشلارغا تولغان.
يىلان باغرى يالغۇز ئاياغ يول،
ئېگىز تاغلار تامان سوزۇلغان.
تېپىز ھەمدە چوڭقۇر ئېقىنلار،
ئېسىمدىدۇر چىقماس يادىمدىن.
قىيالىقتىن يۇمۇلاتقان تاش،
بالىلىقىم - ئۆتەر ئالدىمدىن.
ئەي شۇ سادا، تاشلار گۈلدۈرى،
يۈرىكىمگە قالغان ئورنىشىپ.
ئاقارماقتا چىغىر يوللىرىم،
تاغلار ھالقىپ كۆككە تۇتىشىپ.

*

هېلى مەن كۆرگەن سايە،
قىرىق ئۆرۈم سۇمبۇل چاچ تال - تال؟
قوغلاتقۇزۇپ جىلۋىسى بىلەن،
گاھ كۆرۈنۈپ يوقايدۇ دەرھال.
ئۆشنىسىگە ئېسىقلىق قاپاق،
ئېلىپ ماڭدى كىمگە ئۇسسۇزلۇق.
بىلمەيمەنۇ ئۇ چاڭقاق دىلىمنى،
كەينىدىلا مەن بار تۇرۇغلۇق.
تەشنالىقىم ئېشىپ كۈنسايىن،
قوغلاپ كۆپتىن بولدۇم ئاۋارە.
مەنزىلىمدە كۆرۈنۈپ غىل - پال،
ئەخمەق قىلار مېنى بىر سايە.

*

سۇلىرى ئېھ، زۇمرەت ئېقىن،
بويلىرىڭغا كەلدىم يىراقتىن.
لەززىتىڭنى سەزدىم، دۇم يېتىپ،
ئىچكىنىمدە چىمەن قىرغاقتىن.

پاپرۇسكىنى كۆتەر بۇرادەر،
چېكىشۇالاي شامالنى بۇدەم.
يېشىۋەتكىن، چۇلۇۋۇر، يۇگەننى،
يايلىشۇالسۇن چىلان تورۇق ھەم.
كۆر بۇركۇتنى كۆكتە پەر قاققان،
روھىمىزغا بەرمەكتە قانات.
سايلىقىغا يۇرتۇمنىڭ بىر پەس،
قېنىشۇالسۇن سۆيۈملۈك ھايات.

*

ئۇسسۇلغا سالدى قۇيۇننى،
مەست بولدىمۇ يالاڭۋاش شامال؟
ئەلەڭ - سەلەڭ يۇرەر پىرقىراپ،
قىلماقچىدەك كەڭ ساينى قامال.
كۆرەڭلىمە ئۇچۇرۇپ قامغاق،
قىمىرلىماس سۇكۇتتىكى تاش.
چېچىلارسەن تاغقا سوقۇلۇپ،
قۇدرىتىگە بىرەلمەي بەرداش!

1990 - يىلى، ماي

## غەزەللەر

*

جان ئەمەس لازىم ماڭا يەرگە ـ زېمىنغا ئىشتىياق،
تاكى چىمدىم تويىدىن تاغلارغا رىشتە باغلىماق.
ئايلىنار روھىم خۇشال ھەمراھ بولۇپ يەر شارىغا،
نەكى ئاي بەلكىم قۇياش ھەر بىر گىياھقا قارىماق.
مەيلى چۆل قەلبىم تۇتاش، داڭگال ماڭا بەلكىم يۈرەك،
ھەم قوۋۇرغامدۇر گويا ھەر بىر يوپۇرماق ھەر قىياق،
تومۇرۇم يولدۇر ئۇۋا سالسۇن ئاڭا ھەر زەردە جان،
ھەر چۈمۈلە، ھەر سازاڭمۇ يۈرىكىمدە ھەممە ۋاق.
مەن ھايات بولغاچ سۇبات پەرزەنتىمەن يەر ئانىنىڭ،
جان ئەمەس لازىم ماڭا ئۇنى يۈرەكتىن ئاسرىماق.

*

تولغىنار تاڭ ئاتقىچە پىنھاندا بىر گۇل ئېھتىمال،
ئۆرتىنەر ئىشىق ئوتى ـ گۈلخانىدا بىر گۇل ئېھتىمال.
بۇلبۇلكى كەتتى قايان سورار سابادىن ھەر قاچان،

چۈش كۆرەر لەززەتلىنىپ ھىجراندا بىر گۈل ئىپتىمال.
سىلكىنەر شەبنەم تۆكۈپ، شەبنەمدە قاننىڭ جىلۋىسى،
شوخ، بىزەڭ چار كېپىنەك قونغاندا بىر گۈل ئىپتىمال.
مۇڭ بىلەن شۇنىڭدىن بىرى كەتتى شامالغا ئەگىشىپ،
ئايرىلىپ ھەر بەرگىدىن ئارماندا بىر گۈل ئىپتىمال.
ئەسلىدى ئۆز بېغىنى چەكسىز يىراقتا ياش تۆكۈپ،
ئاق چېچەك كېپەن ياساپ ياغقاندا بىر گۈل ئىپتىمال.

*

نىگاھىڭ ئىچرە جۇپ قارىچۇق قارا مەر - مەرنى ئەسلەتتى،
لېۋىڭدىن چاچرىغان كۈلكە شاراب - كەۋسەرنى ئەسلەتتى.
يېيىلغان چاچلىرىڭ تۇندۇر يۇتۇپ كەتكەن تولۇنئاينى،
يۈزۈڭ ھەمدە شەپەق سىڭگەن ئۇپۇق - زەڭگەرنى ئەسلەتتى.
ھىلالدۇر جۇپ قېشىڭ ئۇندا ساما يولىنى سەيلەتكەن،
تىزىلغان كىرپىكىڭ رەت - رەت ئۇچار خەنجەرنى ئەسلەتتى.
نەپەس ئالساڭ ئارا گۈللەر شامااللار ئۇرغىدى غۇر - غۇر،
بويۇڭدىن تارقىغان خۇشبۇي، ئىپار - ئەنبەرنى ئەسلەتتى.
سېنى كۆرسەم ئايان دەريا، دېڭىز، باغ، بۆككىدە ئورمان،
بىرشقا سەن بىلەن بىرگە خىيال ھەر يەرنى ئەسلەتتى.
ئېچىلغان گۈلسىمان شەلپەر - قۇياشتىن يامرىغان ئۇتسەن،
ئوتۇڭدا ئوت بولۇپ يانغان جان سەمەندەرنى ئەسلەتتى.

*

هەي قاچان شېرىن شاراب، چېيىڭغا ئۇتلاتتىڭ مېنى،
لالەرەڭ چېھرىڭ ئارا نۇرلاردا سويلاتتىڭ مېنى.
گۈل پۈرىقى ئېلكىدە ئاقتىم شۇ دەم بىھۇشلىنىپ،
ساھىلى ھىجران ئارا دەريانى بويلاتتىڭ مېنى.
بىر ئىشق - بىر ئىشتىياق دولقۇنلىرىدا لەيلىدىم،
چۈش كەبى ئالۋۇنسىمان باغلاردا قوغلاتتىڭ مېنى.
سەن دېڭىز مەن قىرغىقىڭدا چاڭقىغان نىمجان بېلىق،
بولدى قاقشال تەنلىرىم ئۇتلاردا ساقلاتتىڭ مېنى.
سەن ئۇپۇقتا چاقنىغان گۈل - تاڭدىكى يۇلتۇزسىمان،
بۇلبۇلۇڭمەن باغرى قان تۈنلەردە سايراتتىڭ مېنى.
ئاچ قۇچاقىڭنى كىرەي، سەرۋى بويۇڭنى بىر كۆرەي،
بۇ ئىشق سەۋداسىدا يىلانغا ئوخشاتتىڭ مېنى.

*

مەن سېنى يارىم دېسەم ئەغيار ئىكەنسەن ئەسلىدە،
بىر كۈلۈپ جاننى ئالار مەككار ئىكەنسەن ئەسلىدە.
ناز بىلەن جىلۋەڭگە مەپتۇن بوپتىمەن ئەقلىم ئېزىپ،
سەندە يوقكەن قىلچىلىك ۋىجدان، نومۇس - ئار ئەسلىدە.
سەن دېسەڭ قۇرئان تۇتۇپ: «سۆيگۈم ساڭا خاس بىر ئۆمۈر»
دەپتىمەن لايىق ساڭا دىلدار ئىكەنسەن ئەسلىدە.
مېكى ساڭا كەلگەندە ئامەت تەڭ كۈلۈشسەڭ مەن بىلەن،

دەپتىمەن ھەم مەڭگۈگە ھەمكار ئىكەنسەن ئەسلىدە.
قايسى كۈن ئامەت كېتىپ بولسام بالاغا مۇپتىلا،
سەنمۇ كەتتىڭ مال ـ مۈلۈككە يار ئىكەنسەن ئەسلىدە.
ئەمدى بىلدىم شۇملۇقىڭنى يەنە ئالدايمەن دېمە،
پۇلنى كۆرسەڭ سۆيگىلى تەييار ئىكەنسەن ئەسلىدە.

*

كەل نىگار كاككۇك بولۇپ قونغىن كۆڭۈلنىڭ تالىغا،
باغ ئارا سەنەم كەبى يەتكىن غېرىبنىڭ ھالىغا.
زارىقىپ كۈتمەكتە دىل، تەشنا يۈرەكىم لەختە قان،
قالمىغىن قاقشال چۈشۈمنىڭ قارغىشى ـ ئۇۋالىغا.
مەن ئەجەب تەنھا دەرەخ بولدۇم يىراقتا مۆكۈنىپ،
بىر قاراپ قوي سارغىيىپ تۇرغان غازاڭ ـ نىھالىغا.
شەپىسىز ئۆتمەكتە كۈن، شەپەڭ يۈرەكنىڭ تىنىقى،
كۆزلىرىم تەشنا مۇھەببەت نۇرلىرى نىگاھىغا.
مەيلى مۇز بولغىن بۇدەم ئۇتتۇر ساڭا ھەر بىر سىنەم ←
ئاي بىلەن كۈن ئاقنۆەت يەتكەن تېگى ۋىسالىغا.

*

كۆكتە ئاي ھەسرەت بىلەن يەرگە قارايدۇ ئاق كېچە،
زەررىسىدىن مىڭ يىراق ھىجران تارايدۇ ئاق كېچە.
ئۈيقۇدا تاغ، مۆكىدا باغ سايدۇر ئاراسى بىپايان،
ئەلچى بولۇپ شوخ تاغ سۈيى شارقىرايدۇ ئاق كېچە.

تىك قىيانىڭ ئۇ يېنى ـ يايلاقتا ئوتلار جۇپ كېيىك،
مىلتىقنى بەتلەپ شۇئان ئوۋچى مارايدۇ ئاق كېچە.
كۆكتە يۇلتۇز، يەردە كۆز پىچىرلىشار مۇڭ ئىلكىدە،
مەنىلىك ـ سىرلىق تەبەسسۇم يالتىرايدۇ ئاق كېچە.
چېكى يوق بوشلۇق ئارا لەيلەيدۇ سوئال بەلگىسى،
بۇ زېمىن ئاددەملىرىدىن ۋىجدان سورايدۇ ئاق كېچە.

*

ئېھتىرام بىلەن قارايمەن تاڭ سەھەر يۇرتۇم تامان،
كۆرۈنەر كۆزۈمگە گويا ئۇ بولۇپ ماھى تابان.
بىغۇبان قەلبىمدە يانغاچ ئانا يۇرت مۇھەببىتى،
ئۇرىدۇ كۆڭلۇم بېغىدا بۇلبۇلۇم خەندان ھامان.
كۆز ئېچىپ دۇنياغا كەلدىم شۇ ئەزىز تۇپراقتا مەن،
مېھرىدىن ئاق سۈت بېرىپ قوشتى قاتارغا ئانجان.
ئاھ، نېچۇن قوشماي كۈچۈمنى جانجان خەلقىمگە مەن،
بەرمىسە مېۋە كۆچەت باغۇەن بولامدۇ شادىمان؟
رازىمەن بىر نۇر بولۇپ سىڭسەم ئانا يۇرت قوينىغا،
مىڭ ئەزىم دەريا ئەمەسمۇ تومۇرۇمدا ئۇرغىغان؟

*

ھەر كۆڭۈل ساماسىدا قاقىنى قانات كۆك كەپتىرىم،
ئۇرغۇتۇپ دىللاردا چىن ۋىجدان ـ سۇبات كۆك كەپتىرىم.
بۇ يۈرەك بولسۇن ساڭا جاي، ئىزدىمە قونداق بۆلەك،

دىل ئارا سەيلانە قىل شادلىق تارات كۆك كەپتىرىم.
كىر ـ غۇبارسىز پاك كۆڭۈلگە پەرلىرىڭ بولسۇن مىسال،
ھەر قەلبتە ھەر قۇياش، يۇلتۇز يارات كۆك كەپتىرىم.
باغىبان بولسۇن قاقاس دىل، شاۋقۇنۇڭ يارسۇن ساما،
چاقنىتىپ كۆزلەردە نۇر قىلغىن پارات كۆك كەپتىرىم.
كۇنلىرىڭ بولسۇن باھار ـ قۇت، تۈنلىرىڭ ئاپتاپ ـ ناھار،
كۆك ئارا جەۋلانە قىل تاپقىن مۇرات كۆك كەپتىرىم.

*

بىر ئوت ياناركى قەلبىمدە جان ئىزدەيمەن،
ئادەم بولماق ئۈچۈن يېڭى قان ئىزدەيمەن.
ئاشىقى پەرھات يارالدى ھىجران ئارا،
كۆيۈش ئۈچۈن مەنمۇ ئوت ـ گۈلخان ئىزدەيمەن.
ۋۇجۇدۇمدا پەرۋازى بار كۆك كەپتەرنىڭ،
نەكەپتەركى بۇركۇتتەك بوران ئىزدەيمەن.
ۋىسالىنىڭ نۇر چېھرىدە ئۆلۈم جىلۋىسى،
قۇچۇش ئۈچۈن مەن ئۇنى نىشان ئىزدەيمەن.
پەرىشتە تىنىقلىرى گۈلنىڭ بەرقىدە،
شۇ گۈل يېلتىزىدىن چىن ئىنسان ئىزدەيمەن.

*

كۈلسە ھەر جان قەلبىدە گۈللەر،
كۈلەر زېمىن ئۈستىدە گۈللەر.
ئانا كۆكسىنى ياراتتى تەڭرى،

بۇ كەڭ دۇنيا ھۆسنىدە گۈللەر.
مۇھەببەتنىڭ پايانى چەكسىز،
بار ئۇنىڭ ھەر زەررىدە گۈللەر.
بولسا ھاتەم ئادەمگە ئادەم،
تەبەسسۇمدۇر چېھرىدە گۈللەر.
يىلتىزى - نۇر چوڭكەن قۇياشقا،
ئۆسەر پاكلىق سۈيىدە گۈللەر.
چىن پەرۋىشكار بول ئەي ئوغۇز يار،
ئېچىلغۇسى قەبرىدە گۈللەر...

*

تاۋلىنار پولات ئوتنىڭ جاپاسىدا،
پەرۋانە ھايات نۇرى - لاۋاسىدا.
مۇشكۇللەر - مۇشكۈك بولسا ئاگا چاشقان،
ھەم بولما كۈچۈك ئەمەل تاماسىدا.
ھاياتنىڭ يولى تاللار ئەزىمەتنى،
بۆركۈتتەك سۆمۈر بوران ساماسىدا.
تۇغۇلدۇڭ ئوغۇل ئەلگە ئۆمۈر بويى،
يىگىتلىك غۇرۇر - ئەھدۇ ۋاپاسىدا.
ئەمگەك چىن ئانا ئۆلمەس ھاياتلىققا،
ئالتۇندەك ئېغىر تارىخ باھاسىدا.

*

بولسا پاك ئۆۋا ياسار دىللاردا قۇش،

كۈيىدە ئەيلەپ شېرىن جاننى بىھۇش.
ياپيېشىل نۇرلار ھاياتلىق بەلگىسى،
باغ ئارا كۆكلەر يۈرەك ئىلھامى خۇش.
دىل قاقاس، قاقاس ئۇنىڭ سەيناسىمۇ،
كۆكىدە ئۇچقاي ئۆلۈم - قۇزغۇن، ھۇۋقۇش.
تەبىئەت ئانا سۇباتى دەل - دەرەخ،
يىرسا كىم بىر شاخنى يەر جازايى مۇشت.
تاپسا گەر ۋىجدان، ئىمانى بەركامال،
ئاننى ئاسرار ئوغۇللار تۇشمۇتۇش...

1985 — 1990 - يىللار

# يۈرەك تامچىلىرى

بىر قولۇمدا رەڭدار ئەترگۈل،
بىر قولۇمدا سارغايغان ياپراق.
دىمىغىمغا ئۇرۇلدى شۇ دەم،
هەر بىرىدىن ئۆزگىچە پۇراق.
ئىختىيارسىز تىترەپ قوللىرىم،
چۈشۈپ كەتتى ئەترگۈل بىراق.
كۆز ياشلىرىم سىرغىپ ياپراققا،
يۈرىكىمنى ئۆرتىدى بىراق...

*

ئۆۋىدىكى يېتىم قۇشسىمان،
پەرۋاسىزلا تۇرسەن هامان.
ئۆزلىقىڭنى چىرمىغان مانان،
ياپرىقىڭنى قىلدىمۇ خازان؟
بىرسەن ئۇچۇن چېكىپ كۆپ پىغان،
كۆزلىرىمدىن سىرغىدى مارجان.

ئۇزمەك بولۇپ بارسام سەن تامان،
قانداق سۇرسەم بولاركىن زۇۋان؟
يۈرەك باغرىم سوغۇرۇپ شۇئان،
سۆيگۈم بىلەن ياسسام فونتان.
يىلتىزىڭغا قوشسام زەررەجان،
كۆلمەسمىدى مەندىكى ئارمان؟

*

پۇل ئۇچۇن قۇترىغان بىر مەسۇم تىلەك،
ئىلكىدە چەيلەندى تۇتاش جۇپ يۈرەك.
تامچە قان تەۋەللۇت قىلدى مىڭ سۆيگۈ،
بۇ دۇنيا مۇھەببەت دۇنياسى دېمەك.
ئالتۇندىن تۆرەلگەن رەزىللىك شاھى،
كۇل بولۇر تىكىلسە ۋىجدان نىگاھى.
توسالماس قۇياشنى بۇلۇت كەبى پۇل،
قۇياش ئۇ سۆيگۈنىڭ يارقىن سىماھى.
گۈزەللىك زېمىنغا ئاداقى ئاساس،
ئۇنتۇلماس ھېچقاچان سۆيگۈ ۋە قىساس!

*

قاتتىم سەنەم كەبى بالكوندا،
يوللىرىڭدا پىكىر خىيالىم.
يۈرەك كۆيەر بىر ئوت ـ يالقۇندا،

دىدارىڭنى ئىزدەر نىگاھىم.
سەن ھەم ئەمەس پەرۋاسىز ئۇندا،
يەتتى بەلكىم قەلب سادايىم.
ھەر قايرىلساڭ سىرلىق يوسۇندا،
بەخت كۈلەر قەلبىمدە ئايىم!
مەن مەغرىبكە سەن مەشرىققە ماڭ،
جۇدالىقنىڭ پەيتلىرى بۇ دەم.
ئارقىمىزغا باقمايلى زىنھار،
ئاچچىق ياشلار تۆكۈلمىسۇن ھەم.
مەنزىلىمىز بولسۇن ئىككى ياق،
كۈتسۇن بىزنى تىك داۋان، خەتەر.
بولسا ئەگەر قەلبىمىز تۇتاش،
ئۇچرىشارمىز يەنە بۇ سەپەر...

*

چەيلىمەك بول سۆيگەن يۈرەكنى،
چىقىلغۇسى بىشىڭغا چاقماق.
ئېرىشەرسەن مۆلدۈرگە ئاخىر،
ساداقەتنى بىلمىگەن ئەخمەق...

*

ياساپ قويدۇم ۋاپادىن يۈرەك،
لەززەت ئاقار تومۇرلىرىمغا.

شەيتان بولساڭ بولارسەن يەمچۈك،
ۋىجدان ئوتى ـ كۆز نۇرلىرىمغا.

*

شامالّلارغا يەم بولغان پاشا،
سىرلىرىمنى كەتتى ئوغرىلاپ.
غەمكىن قالدى يالىڭاچ روھىم،
يۈزسىزلىكتىن چىكىپ ئىزتىراپ.
چەمبەر بولدى يالغان كۈلكىلەر،
«ئۆلسە ۋىجدان يوقالغاي ئازاب»①
يۈرىكىگە بالىلىرىڭنىڭ،
ئېھ، يەر ئانا بەر ئازراق ئىنساپ.

1990 ـ يىلى، ئاۋغۇست

① بۇ مىسرا باشقىلارنىڭ

# ئۆۋا لىرىكىسى

بوشلۇقلاردىن زېرىككەن قۇياش،
بىزارلىقنى يۇدۇپ، ھالسىراپ.
كەتتى ئۆيى ـ تاغ ئارقىسىغا،
ئۇچۇپ كەلدى قارلىغاچلارمۇ ھەم.
دانلىرىنى چىشلەپ ئالدىراپ،
تورۇستىكى چاڭگىسىغا.
ئالدىرايدۇ نېمىشقا؟
چۇمۇلىلەر ئۇۋىسىغا...

*

توققۇز ئايلاپ ياتقان ھامىلە،
ئايلانغاندا بوۋاققا.
كۆزلىرىنى چىمىرلىتىپ،
قارار نىچۇن ھەر ياققا؟
تۆت تەرەپ تام،
ياسالغان تورۇس!

ئويلار بەلكىم:
«ئۆي دېگەنمۇ ئوخشاركەن
مەن پاتقان شۇ قورساقتا»
بەلكىم،
ھاسا ئۇنى كەلگەندە ئىزدەپ،
كۆزلىرىنى تىكىپ يىراقتا؛
پىچىرلايدۇ ئۇھ تارتىپ:
«كىرىپ كېتەرمەن،
باقى ئۇۋام ـ تۇپراقتا!»
*
بەلكىم،
ساپادا ئولتۇرۇپ،
قارىغانچە تۈت تامغا.
گاھى خىيال قىلىمىز،
يىراقلارنى كېزىشنى.
دەل شۇ چاغدا بىر سەيياھ،
يىراق يولدا چېكىپ ئاھ
چۇشەكەيدۇ مەنزىلى ـ
ئۇۋىسىغا كىرىشتى.
*
شۇنداق ياشار ئادەملەر،

مۇھەببەت بار تۆت تامغا.
ئىككى تامنىڭ ئارىسى،
شۇنچە يېقىن ھەم يىراق. توختىمايدۇ قەدەملەر. . .
چەكسىزلىكتە تۆت تام بار،
تۆت تامدا ھەم چەكسىزلىك.
دېڭىزنىڭ بار قىرغىقى،
كەڭ ئۇپۇقنىڭ سىزىقى.
يىراقلارغا يۈرۈپ باق،
ھەممە ياقنى كۆرۈپ باق.
يەر شارىنىڭ ئۇستىدە،
ياشايمىز تام ئىچىدە. . .

1991 - يىلى، 28 - فېۋرال

# قۇملۇقتىكى ئىزلار

ھەر سەھەر . . .
ئالدىمدىكى بارخان كەينىدىن،
يەر يۈزىگە زەر يىپەك تارتىپ.
كۆلۈمسىرەپ چىقىدۇ قۇياش،
تالا ـ تالا ھال رەڭ شولىلار.
يۇلغۇن، توغراق، چاتقاللارنى ھەم،
بىر ـ بىرىگە باغلايدۇ تۇتاش.
ھاياجاندىن ئۇرغىغان قاندەك،
ئۇپۇقلارغا سوزۇلغان قۇملۇق.
ئۆركىشىدە ياسايدۇ دولقۇن،
ھەر زەررىسىدە باردۇر ئوت ـ چاقناش!
يۈرىكىمدىن تا قۇياشقىچە.
يالتىرايدۇ يۇلتۇزدەك ئىزلار . . .
ئېھ، سۆيگۈمنى تارتىش ئۆزىگە،
ئەقىدەمدىن ئالىدۇ سىناش!

*

ئانا تارىم. . .

ئېقىنلارنى قوشۇپ ئۆزىگە،

تەڭرىتاغنىڭ مېھرىنى ئېلىپ.

سىڭىپ بارار قۇمنىڭ تەكتىگە،

قىرغاق بويلاپ.

دولقۇنلارغا ئەگەشكەن ئىزلار.

سوزۇلۇپتۇ قۇم مەركىزىگە؟

دەريا گويا ئادەمدەك. . .

ئادەملەر ھەم دەريادەك،

گىرەلىشىپ بىر - بىرسىگە.

دولقۇن ياسار، شارقىرار،

ئالدىرايدۇ،

تەكلىماكاننىڭ مەركىسىگە؟

*

خىسلەتلىك ئىزلار. . .

كىملەر قاچان باستىكىن ئاياغ؟

فونتان ياساپ

ئاقار ئويناقلاپ،

ئەسىرلەر بويى.

قۇم تەكتىگە كۆمۈلگەن بۇلاق،

غۇر ـ غۇر شاماللار.
ياڭراق سادالار،
جۇشقۇن روھتا يېيىپ كەڭ قانات.
يامرىتىدۇ كۆلكە ـ تەبەسسۇم،
ئۆتۈشكەنچە ئۇياقتىن - بۇياق...
ئويغانغاندەك، نەچچە مىڭ يىللىق
ئۇيقۇسىدىن زەبەردەس پالۋان،
ئېلىپ نۇرلۇق ئانا قۇياشتىن .
ۋۇجۇدىغا يېڭى قان ھەم جان،
ئويغانماقتا بۇ گىگانت تۇپراق!

1991 ـ يىلى 24 ـ ماي

# ناخشا ئاڭا تىكلىگەن ھەيكەل

تالانتلىق ناخشچى ئەخمەتجاننىڭ ۋاپاتىغا مەرسىيە

سۇبھى تاڭدا چاقناپ بىمەھەل،
كۈن بىلەن تەڭ ئۆچتى بىر زوھەل.
بەلكىم مەڭدەپ قالغان ئەزرائىل،
ئاڭا خاتا يوللىدى ئەجەل.
مۇڭلۇق كۈيلەر ياڭراتتى قۇشلار،
دىللار ئارا ياشتىن ئاقتى سەل.
مەجنۇنتاللار ئەگدى بېشىنى،
تاغ - ئېدىرلار باغلىدى ئاق بەل.
ئاھ، ئەخمەتجان نېمە قىلغىنىڭ؟
تۆلەتتىڭغۇ سەنئەتكە بەدەل.
ياكى كىرىپ بوۋاڭ چۈشۈڭگە،
ئېيتىپ بەرگۈڭ كەلدىمۇ غەزەل؟
ناخشاڭ ئۇچار شامماللار بىلەن،
دىلغا بېرىپ مۇھەببەتتىن ھەل.

شاۋقۇنلاردىن ئاڭلاپ ھەم ئۈنى،
مۇڭغا چۆمدى جۇپ ئاق قۇ تۇگەل.
يۈرەك ئېيتار: ئىست، ۋاي ئىست،
تەخىر قىلساڭ بولماسمىدى سەل.
چاقىنىشىڭ بار ئىدى قۇياشتەك،
پۇرسەتمۇ ھەم كەلگەنتىغۇ دەل.
ۋارقىرىغۇم كېلەر غايىبتىن،
ئاڭلا ئەي كور تەقدىرمۇ ئەككەل.
سەن ئامالسىز سەنئەت ئالدىدا،
ناخشا ئاڭا تىكلىگەن ھەيكەل!

1991 - يىلى، 26 - ئىيۇل

# ئەزرائىلغا

ھايات ـ مامات كېسىشكەن جايدا،
بىز ئۇچرىشىپ قالىمىز مۇنداق:
تاشلىنىدۇ يەتتە كەتمەن خاك،
سەن ئۇستۇمدىن باشلايسەن سوراق.

شۇ چاغ ھايات كەچمىشلىرىمدىن،
ساڭا قىسسە بىرىمەن سۆزلەپ.
تاشلىساڭمۇ دوزاخلىرىڭغا،
مەن ياشايمەن ھاياتنى كۈيلەپ.

1991 ـ يىلى، ئاۋغۇست

## ئادەم

ئۇپۇقىدا يىراق مەنزىلىنىڭ،
قىمىرلايدۇ چېكىتتەك سايە.
يوللىرىدا گۈل ۋە تىكەندىن،
ئىزلار قاپتۇ يەككە ـ يېگانە.
يۇلتۇزىنى ئىزدەپ ئۇ بەلكىم،
تەۋەككۇلغا باشلىغان سەپەر.
ئۇنى ئىزدەپ يۇلتۇزىمۇ ھەم،
ئېقىپ چۈشەر كۆكتىن بىخەۋەر.

1991 ـ يىلى، ئاۋغۇست

## ياشلىق

پەرەنجىسى قاپتۇ سۆرۈلۈپ،
دەسسىۋالدى قاي غايىب ئاياغ؟
بوشلۇقلاردا شەۋھەت نۇرلىرى،

تىكىلدۇ ئاچ كۆز يۇلتۇزلار...
نەگە ماڭدى تولۇنئاي ئاپئاق؟
يېشىنىپ ئۇ كۈمۈش بىلىقتەك،
شۇڭغۇپ كەتتى زەڭگەر دېڭىزغا.
بازار بولدى شۇ دەم كەڭ قىرغاق،
تاشلاندى ھەم مىليونلاپ قارماق...

1991 - يىلى، ئۆكتەبىر

# كۆزلەر

ئۆتۈپ كەتتى ئۇچقۇر مۇساپە،
رامىدىن غىل - پال بېقىشتى كۆزلەر.
ئىككى يۈرەك ناتونۇش ئەمما،
غايىب ئۇتنى يېقىشتى كۆزلەر.

بىر جۈپ نىگاھ كېسىشكەن جايدا،
قېتىپ قالدى كۆل رەڭ تەبەسسۇم.
ئىزدىشىدۇ بوشلۇقلار ئارا،
لەيلەپ يۈرگەن شېرىن تەكەللۇم.

ئىككى ياققا كەتتى شۇ كۆزلەر،
بىراق تۇرار كۆرۈشۈپ پات - پات.
تۇنلەر ئارا تېشىلدى تورۇس،
چۈشەكەشتە غىچىرلار كارۋات. . .

1992 - يىلى، 25 - ماي

# يىراق شەھەرگە خەت

ئاسمىنىڭدىن ئۆتتى قۇشلىرىم،
كۆرۈپ قالدىم سېنى مەن غىل - پال.
ئاشۇ خىلۋەت كوچىلىرىڭدىن،
ئۇچۇپ كەلگەن تونۇش بىر ئاۋاز
قۇشلىرىمنى توختاتتى دەرھال.
چاڭگىسى بار قۇشۇمنىڭ سەندە،
قەدىم پەينى توزۇتار شامال.
كۆرۈپ تۇردۇم جىلۋىلەر ئارا،
مەڭگۈلۈك بىر چۈشسەن ئېھتىمال.
مەن بىلىمەن شۇ تونۇش سادا،
ئاڭا تەبىر بىرەر بىمالال.
كونا ئۇۋا نەقەدەر ئىسسىق،
روھىم ئۇنىڭدىن ئىزدەيدۇ ۋىسال.
كۆنلەر ئۆتۈپ يەنە بىر كۆنلەر،
ئاۋاز كەلگەن تونۇش كوچاڭغا؛
يۇلتۇز بولۇپ چۈشۈرمەن بىر تال.

1992 - يىلى، 26 - ماي

# كەل، ئازابلىرىم...

شادلىق ئەمەس كۆلگىنىم،
ئازاب ئەمەس قاپاق تۈرگىنىم.
جەننەت ماڭا بىھاجەت،
كەل ئەي يىتكەن گۆھىرىم...

تەنھا دەرەخ شېخىغا،
ئۇچۇپ كەلگەن بىر قۇشمەن.
پەيلىرىمنىڭ ئاراچلىرىدىن،
چۈشۈپ قالغان بىر نەرسەم؛
بۇلۇتلارنىڭ باغرىدا.
ئۇنتۇلۇپ قالغان بىر نەرسەم؛
شۇنىڭدىن بېرى -
ئايازىدا چۈشلەرنىڭ
تۇمان بولدۇم مەن ئۆزۈم.
يوقاتمىغان بالىلىقىمدا،

يالتىرايتتى تۇمار ئىچىدە.
غىچىرلىغان كونا بۆشۈكتە،
تەبەسسۇم ۋە ئۇمچەيگەن لەۋدە.
ئوينايتتى ئۇ جىمجىت كېچىدە،
ئۆلۈممنى سۆزلەپ بەرگەن ئۇ.
مەن ئاڭلىغان بەخت ئىلكىدە،
. . . . . . . . . . .
كەل ئەي يىتكەن گۆھىرىم،
تەنها دەرەخ تۈۋىگە.
يامرىتايلى ئۆركەشلىگەن جان،
بىھۇشلانغان كېچىگە. . .

1992 ـ يىلى، 26 ـ سىنتەبىر

# ئەرۋاھقا سۆز

سېنى كىم ساتتى شەيتانغا ياساپ ئەرۋاھسىمان سەرۋەر،
كۆزۈڭ ۋەيلۇنكى ھەر باقساڭ شەبىستان سايىسى لەيلەر،
گۆرىستان كۆكرىكىڭ قونداق قۇيۇندا ئۆرلىگەن پەيگە،
يارالمىش ئۇندا ھەر قۇزغۇن سۇباتىنىڭ گۇللىرى چەيلەر.
چايان زەردابلىرى تامغان كۆڭۈل بەندەڭگە جەننەتمىش،
پۇراقى روستەمى جاننى ئۆلۈك، خەستە بىھۇش ئەيلەر.
پەرىشتە ئىزلىرى يوقتۇر، تامام شەينانغا جاي يەلكەڭ،
غەرق قىلماققا ئالەمنى سەراپ دولقۇنلىرىڭ دەۋر.
تىلاۋەتلىرى ئازغۇنىنىڭ ساڭا جان، روھى مەلھەمدۇر،
ئۆزۈڭنىڭ قېنىنى شوراپ تىلەرسەن تەڭرىدىن مەھشەر.
ئەجەلنىڭ نۇرلىرى ياغسا نىقابىڭ كۆل بولۇر بىر كۈن،
تىرىلگەي ئەسلى ھالىڭنى كۆرۈپ قول ـ بەندە ئادەملەر.

1992 ـ يىلى، دېكابىر

# سۇرەتتىكى يەر

يۇلتۇزلاردەك يىراق سەن ئەمما،
ۋىسال كەبى لەززىتىڭ دەۋرەر.
بولدۇقلايدۇ باغرىڭدا ياشلار،
مەن ئوت،
سەن ئوت ـ
بىر جۇپ سەمەندەر!
ئارىمىزدا يوقتۇر پىلسىرات،
چاقنار پەقەت ئىشقىڭ شەمشىرى.
يۇرىكىم قۇش، ئۆزۈڭ قانات پەر،
جاندۇر ئاڭا ئۆلۈم كەۋسىرى.
يىلىنجايمەن توپاڭنىڭ ئارا،
ئۇندا رەڭدار پارلايدۇ بىر چۇش.
بوشلۇقلاردىن تۆكىدۇ يۇلتۇز،
دولقۇنۇڭدا تىترىگەن ئۆكسۇش؟
باغرىڭ ئارا قەلبىم پارچىسى،

شەپەق كەبى تۇرار نۇرلىنىپ.
يارىلارمۇ زېمىن قايتىدىن،
بۇلۇتلىرىم كەتسە قوشۇلۇپ؟
خىيالىمدەك يىراق سەن ئەمما،
بالىلىقتەك لەززەتلىك بىر يەر.
ئەي سەن بەلكىم قەبرىگاھىم سەن،
يۈرىكىم قۇش ئۆزۈك قانات پەي. . .

1993 - يىلى، 26 - ئاپرېل

# يىلتىز كۈيى

يىراق - يىراقلاردىن،
يۈرىكىمگە يېقىن بىر جايدىن،
ئاڭلىنىدۇ ئاددىي بىر ناخشا.
گويا بۆشۈك غىچىرلىشىدەك،
خىياللارنىڭ پىچىرلىشىدەك.
كېلىپ ماڭا ئاستا ۋە ئاستا؛
ئۇرۇلغاندا كۆكسۈمگە،
قېنى ئەي سەن يۈرىكىم؟
بىھوش بولغان بېلىقتەك،
لەيلىدىم مۇڭ قاينىمى ئارا. . .
ئاشۇ ناخشا، ئېھ شۇ قەدىم يول،
يىپلىرىدا نۇر ۋە سۇباتنىڭ.
ئىلدى مېنى قارمىقى بىلەن،
چېكىپ روھىم دېرىزىسىنى.
يېلىنجاتتى جان يالقۇنىنى،

بالىلىقنىڭ بارمىقى بىلەن.

ئويغاندى چۈش قۇشلىرى،
قانات سىلكىپ ئىسسىق ئۇۋىسى ـ
ۋۇجۇدۇمنىڭ چوڭقۇر يېرىدىن.
جەننەت ئارا يامراپ تەبەسسۇم،
سۇبھىدىكى ھال رەڭ نۇرسىمان،
ئېقىپ ئۆتتى تومۇرلىرىمدىن.

يىراقلارغا سوزۇلغان شۇ يول،
جۈپ يۇلتۇزنىڭ ئىزلىرى قالغان.
سەرسان بولۇپ كەلگەندۇ نەدىن؟
چۈشكەنىمدۇ يەرگە ئاسماندىن؟
ئادەم ئاتا، ھاۋا ئانامدىن؟
مۇقام ئارا يامرىغان جاندىن؟
ئامانىسا، ئابدۇرىشتخاندىن؟

يەتتە كەتمەن مۇقەددەس تۇپا ـ
جەبرائىلنىڭ تىنىقى ئارا ـ
يالتىرىغان سوئال ھىلال ئاي،
قايرىپ بۇلۇت چۈمپەردىسىنى.

كۆز ئالدىمدا پارلاتتى دۇنيا:

سۇ، ئوت، تۇپراق، ھاۋا قوشۇلغان،
سۈت تەپچىگەن ياندىش ئەمچەكتەك.
قەبرىسىدە بىر جۈپ يۇلتۇزنىڭ،
گىرەلەشكەن ئىككى يۈرەكتىن،
ئۇرغۇپ چىققان ئاشۇ تامچە قان؛
يىلتىزىمنىڭ بوشلۇقلىرىدا،
يىلىنجىتار لالە رەڭ گۇلخان!

ئاقارغان تاغ يۈكسەكلىكىدە،
پىنھاندىكى ئاشۇ جۈپ قەبرە.
ئەمەستۇر بەرھەق -
سەككىزىنچى ئاشىق - مەشۇقنىڭ.
قوشۇلۇشى يولغا - يوللارنىڭ،
كېڭىيىشى چەكسىز ئۇپۇقنىڭ!

*

يىراق - يىراقلاردىن،
ئارىسىدىن بۆشۈك - تاۋۇتنىڭ،
ئۇچۇپ ئۆتكەن مۇڭلۇق بوز تورغاي،
تۆكتى يەنە ئاشۇ ناخشىنى.

نورۇزدىكى يېشىل ئۆچقۇندەك،
ئاينى غەرق قىلغان ئۇپقۇندەك،
ئاشۇ يولنىڭ گىرۋەكلىرىدىن،
سۈيدى يەنە بالىلىق مېنى!

بىر يېنى تاغ، بىر يېنى كەڭ ساي،
كولدۇرمامىلار جاراڭلاپ تۇرغان؛
ئېرىقتىكى يامرىغان كۆلكە،
ياۋا چېچەك شوخ بەرق ئۇرغان -
ھەسەن - ھۈسەن جىلۋىسى ئارا،
غايىب بولغان شۇ يالغۇز ھويلا
چۈشۈمدىكى جەننەتكەن ئەسلى!

ئاق قۇشقاچلار چۇرۇقلاشلار،
ئىرغىتقاندا قېرى ئۈجمىنى،
توروك - توروك چۈشسە يۇلتۇزلار.
بىلمەپتىمەن ئەجەب قەدرىنى.
بىلمەپتىمەن ئىست، ۋاي ئىست،
جان يېرىمنى سۆيۈپ چوڭ قىلغان،
ئادەم ئاتا، ھاۋا ئانىنى!

تۆكۈلگىلار ئاق بۇلۇتلىرىم،
مىراس قالغان شۇ تونۇش ھاسا ـ
دەرەخ بولۇپ تۇرغان كۆكىرىپ؛
مەن چۆمۈلگەن مېھىر چەشمىسى ـ
قۇياش پارلاپ تۇرغان كۆرۈنۈپ؛
ياشلىرىمغا كەتسۇن پۈركىنىپ!

*

ئاشۇ يول سەن
سۇئاللاردىن تۇغۇلدى يەنە،
مەۋجۇتلۇقنى كۆتۈرۈپ ئېگىز.
يېلىنجىغان ئوت سۇمۇرغىسمان،
سوزۇلماقتا،
تاۋۇتىغا ئولتۇرۇپ،
مەڭگۈلۈكنىڭ بۆشۈكتىن ياساپ،
تۇغۇپ سوئال، بىھېساب ئارمان.
يىراقلاردا،
يۈرىكىمگە يېقىن بىر جايدا،
ئالۋۇندا توپاننىڭ،
ئۆركەشلىگەن ئاشۇ جۇپ قەبرە.
ئەمەستۇر ئەمەس،
سەككىزىنچى ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ.

قوشۇلۇشى يولغا يوللارنىڭ،
كېتىمىشى چەكسىز ئۇپۇقنىڭ. . .
1993 - يىلى، ماي

## تاش

كۆزلىرى ئويۇلغان بىر قۇش،
قاناتلىرى يۇلۇنغان بىھۇش.

بىر - بىرىگە ئاتسا گەر ئادەم،
پەرۋاز قىلدىم دەيسەن ئۇشبۇدۇم.

1993 - يىلى، ئۆكتەبىر

# شېئىر رىۋايىتى

بىر چاغلاردا
لىرىوس كۆكسىدە،
قەپەسكە ئوت قويغان يۈرەك؟
قانات قىلىپ نۇر تالاسىنى،
بوشلۇقلاردا ئۇچۇپ يۈرگىدەك.

كەڭ ئاسمانمۇ قەپەس بىلىنىپ،
تۈيۈلغاندا
زەردىسى تېشىپ
ئېتىلغانچە ئوت سۇمۇرغىسىمان،
بۇلۇتلارغا قانات ئۇرغىدەك.

شۇدەم چاقماق چېقىلىپ،
ئالەم يەنە كېڭىيىپ،
زەر پەردىگە ئوراپ دۇنيانى،
كۆكتىن شېئىر ياغقۇدەك. . .

1993 - يىلى، 23 - ئىيۇل

# كەچ كۈز لىرىكىلىرى

بىر تۈپ دەرەخ. . .
توزۇپ بارار ئەللەي كۈيىدە
ئالتۇن رەڭلىك چۈش بۆشۈكىدە.
چۈرۈقلايدۇ جەننەت قۇشلىرى،
ۋۇجۇدىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە.

غۇر - غۇر نەپەس،
ئۈچۈرتىدۇ روھنى لەرزان؛
لەيلەپ يۇرگەن بۇلۇت ئىچىگە.
يىلتىزلىرى يېرىلغان تومۇر:
دولقۇنلىغان ئىسسىق بىر دەريا
قۇيۇلىدۇ زېمىن تەكتىگە. . .

*

گۈر - گۈر بوران. . .
لەپىلدىتەر ئاياز كۈيىنى.

ئۈچۈپ يۈرەر بىر تال يوپۇرماق،
قارا باسقان
ئۈۋىدىكى يېتىم قۇشىمان.

گۈر - گۈر بوران. . .
ئۈچۈرىدۇ دالا قوينىدىن،
كائىناتنىڭ ئالتۇن چۈشىنى.
كەچ كۈز. . .
سەن زېمىننىڭ ھىجران ناخشىسى.

1993 - يىلى، 6 - نويابىر

# نورۇز لىرىكىسى

قاچان غايىب بولدى بوشلۇقتىن،
غەرق بولۇپ نۇرلارغا يۇلتۇز؟
ئۇۋۇسىدىن شېرىن چۇشلەرنىڭ ،
يېيىپ رەڭدار قاناتلىرىنى،
چىقىپ كەلدى چىرايلىق بىر توز.
شۇدەم دالا پۈركىنىپ گۈلگە،
ئوخچۇپ دەريا - كۆللەردە كۆلكە،
چۇقان سالدى كەلدى دەپ نورۇز.

ئويغاندى يەر، ئويغاندى يۈرەك،
غۇر - غۇر ئۆچتى روھلار سەلكىنى.
كۆتۈرۈلدى چەكسىز قۇملاردىن،
نەۋ باھارنىڭ يېشىل يەلكىنى.
چىللىدى ھەم نورۇز خورىزى،
ھەر ۋۇجۇدنى سىلىپ لەرزىگە.

سازاڭ ئەمەس مىدىرلاۋاتقان،
ئۇ بىر يۈرەك گۈپۈلدەۋاتقان.
قۇلاق سالغىن زېمىن كۆكسىگە.

ساداسى بىر ئۇندا سۇباتنىڭ،
تىنىقلاردىن يۈرايدۇ ۋىسال.
لەۋلەر تۆكەر سۆيگۈ كۈيىنى،
كۈلەر مەغرۇر ئاپئاق تاغ بوۋاي،
شىۋىرلايدۇ نازغىنپ باغ موماي،
قىلماقچىدەك ئالماس توينى. . .
چېقىلىغاندەك شادلىقتىن چاقماق،
ئاڭلىنىدۇ يىراق قىرلاردىن،
كىشنەشلىرى ئارغىماقلارنىڭ،
تۆكۈلىدۇ كۆزىدىن شېئىر.
هاياجاندا شوخ بۇلاقلارنىڭ.
دالاسىدا يۈرتۈمنىڭ بۈگۈن،
مەرىكىسى بولدى هەر جاننىڭ.
گۈل - چېچەك هەم يوپۇرماقلارنىڭ. . .
ئاڭلا!
نەدىن كەلگەن سادا ئۇ؟
هەر ۋۇجۇدنى سىلىپ لەرزىگە؟

بالقىپ قەدىم تارىخ يولىدىن
چاقىرماقتا نورۇز بوۋىمىز،
بىزنى بەخت، شادلىق ئەۋجىگە!

1994 - يىلى، 10 - مارت

# ياز لىرىكىلىرى

سەن ئايازغا كۆمۈلگەن يىلتىز،
مېھرى ئوتلۇق كۆيۈمچان ئانا.
قۇچىقىڭدا پارلايدۇ قۇياش،
نۇر ئېمىدۇ كۆكسۈڭدىن دۇنيا.
ئاقارغان تاغ، ئاپئاق بۇلۇتلار،
ھەم ئۇپۇقتا تۇتاشقان دالا،
سېنىڭ چەكسىز قەلبىڭدۇر گويا.
سىم - سىم يامغۇر ياغار شۇ يەردىن،
ئەزىم دەريا ئاقار شۇ يەردىن،
ئېرىپ تۇرغاچ مېھرىڭ چەشمىسى.
يۇرىكىڭدىن تاراپ ئوت - زىيا. . .

*

ھىممىتىڭگە تەشنادۇر، چۆلدە،
چاڭقاپ كەتكەن قەدىمىي توغراق.
يىلتىزلىرى يۇلتۇزغا تۇتاش،

بەرق ئۇرار شامالىلىرىڭدا،
مۇھەببەتتىن كۆكلىگەن ياپراق.

*

قايناق تومۇز ـ قۇچىقىڭ ئارا،
ئۆركەشلىگەن ئويناق دەريا مەن.ـ
باغاشلىغان يالىڭاچ روھ ـ تەن.
يىراقتىكى بۇلۇتلىرىڭغا،
قەلبىم گويا ئاق ـ چوقتا ـ ۋەتەن!

1995 ـ يىلى، ئاپرىل

# تاماكا قالدۇقى

دەردلىك ئىنسان يۈرىكى ئۈچۈن،
كۆيۈپ ئۆلگەن تاشلاندۇق جەسەت. . .

يېلىنجار ئازاب،
نۇرلىرىدىن تۆكۈپ كۈل رەڭ قۇت.
قاي بەڭگى ئۇ،
بۇلۇت باغرىدا
كۆيمەكتە بىر ئوت؟

يوللار شۇنداق باشلانغان:
چېكىش روھلار قېنىنى،
ئادەم ئاتا، ھاۋا ئانىنى،
زەنجىرلەنگەن پىرومېتىنى. . .

لەيلەيدۇ پەيلەر،

چۆكىدۇ يۈرەك
چۆككەن كەبى كۆككە يۇلتۇزلار،
ئۆچمەيدۇ چوغلار،
بىر مۇقەددەس قەبرىگاھ ئۇپۇق!

1996 - يىلى، مارت

# باغ لىرىكىسى

مۇھەببەتلىك ئىللىق قوينۇڭدىن،
كەڭ دۇنياغا ئاقىدۇ زەمزەم.
يېشىلىقتا ئاشىق دىللارنىڭ،
ئىستەكلىرى بولغاچ مۇجەسسەم.

سەن خەلقىمىنىڭ ئازادە كۆڭلى،
بېغىشلايسەن ھەر جانغا ھۇزۇر.
ئالتۇن رەڭلىك مېۋىلىرىڭدە،
چاقنايدۇ نۇر، چاقنايدۇ غۇرۇر.

*

يېپەك يولى ئارامگاھىسەن،
يۈرەكلەرگە بەرگەن كۈچ ــ دەرمان.
نەپەس ئالغاچ تىنىقلىرىڭدىن،
توختاتمىغان سەپەرنى كارۋان.

شاۋقۇنلايدۇ جىمجىتلىقىڭدا،
گۈزەللىكنىڭ چەكسىز دولقۇنى.

جەننىتىم سەن يۇرتۇم باغلىرى،
تالىق ساڭا قەلبىم يالقۇنى.

*

ـ كاككۇك، كاككۇك. . .
شۇنچە يېقىن، شۇنچە يىراقتىن،
توختىماستىن ياڭرار شۇ سادا.
گۈللەر تىترەر، كېپىنەكمۇ ھەم،
ۋىسال ـ ھىجران قايىنىمى ئارا.

قاي ئاشىقنىڭ ۋىسال ناخشىسى،
جۈپ ـ جۈپ قۇشنىڭ ۋىچىرلاشلىرى؟
پەرھات ـ شېرىن ئۈندۈر بەلكىم.
ياپراقلارنىڭ پىچىرلاشلىرى.

شېئىر يازار نەۋائى بوۋام،
يىراقلارغا قاراپ زوقلىنىپ.
پەرىشتىنىڭ چۈشلىرى ئارا،
يۇرتۇم بېغى چاقنار نۇرلىنىپ.
1996 ـ يىلى، ئىيۇن

# ئۈجمە دەرىخى

سەن تارىمدىن كۆكلىگەن بىر روھ،
ئىزگۈلۈكنىڭ ئاددىي ھەيكىلى.
يىلتىزلىرىڭ سۇ ئىچكەن بەلكىم،
تۇپراقتىكى بوۋام ـ مومامنىڭ .
ئۆلمەس سۆڭەك ـ يىلىكلىرىدىن،
غۇبارسىز پاك يۈرەكلىرىدىن.

سېنى كۆرسەم پارلايدۇ دۇنيا،
كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ بوۋام.
سېنى كۆرسەم تۆكۈلەر زىيا،
كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ مومام.

قوينۇڭ ئوچۇق ھەر جان ـ جانىۋارغا،
جىلۋىلىرىڭ تۆكىدۇ يولتۇز.
تېرىۋالار سەبىي بالىلار،

قونۇۋېلىپ يەلكەڭگە خۇشال.
چۇرۇقلايدۇ بىغەم، شوخ قۇشلار.

ئۇزاق يولدا ھەمراھ ساھىلغا،
سايىلىرىڭ ـ جەننەت ھۇزۇرى.
نېمىتىڭنىڭ خىسلەتلىرىدىن،
چاقنار ھارغىن كۆزلەرنىڭ نۇرى.

سۆيۈپ ئۆتسە شامال شېخىڭنى،
مەن ئاڭلايمەن بوۋام ئۈنىنى.
تۇنلەر ئارا يامرىغان نۇردەك،
قەدىم مۇڭلۇق دۇتار كۈيىنى.

ھەر تال شېخىڭ خىزىرغا ھاسا،
خىسلەتلىرىڭ ھاتەمگە ئۈلگە.
ئۇنسەڭ ئىدىڭ ھەر دىل ـ يۈرەكتە،
پۈركۈنەتتى بۇ دۇنيا گۈلگە.

1996 ـ يىلى، ئىيۇن

# تارىم دەرياسى

سۆيگۈ قايناملىرى ئارا،
ئاقتىممەن قوينۇڭدا ئانا.
مۇھەببەتتىن تامغان ھېسلىرىم،
ساھىللىرىڭدا،
توغراق بولۇپ ئۆسمەكتە گويا.

چەكسىزلىك نېمە؟
ئۇ خانتەڭرى، تەكلىماكان!
ئارىسىدا چۈنكى بىر ئۆزۈڭ،
بولۇپ قۇتلۇق نۇر دولقۇنلىرى،
ئەسىرلەردىن ئەسىرگە ئاققان.

سەن مەڭگۈلۈك خاتىرە تېشى،
لوپنۇر، كرورەن. . .
باغرىڭ ئارا بىخلانغان يىلتىز،

هەر تامچاڭدە چاقنار مىڭ قۇياش.
ئۆچمەس ساڭا ئويۇلغان نۇر - ئىز.

سەن روھىمدا يامرىغان جان - قان،
يۈكسەك چوققىلاردىن باشلانغان.
سەن يىلتىزىم - تومۇرۇم،
چەكسىزلىكنى كۆكلەتكەن ھامان!

1996 - يىلى، ئاۋغۇست

# كۆرگەن سېنى ئاشۇ چاغ نورۇزلوقتا ـ ئېكراندا①

ـ دوستۇم مامۇتجان داۋۇتقا مەرسىيە

كۆرەر ئىدىم ئاشۇ چاغ نورۇزلۇقنى ئېكراندا،
ئولتۇراتتىڭ جور بولۇپ شائىرلارنىڭ كۈيىگە.
كۆزلىرىڭدىن چاقنايتتى سەبىيلىكنىڭ نۇرلىرى،
يەنە سەندەك كىم چۆكەر مۇھەببەتنىڭ سۈيىگە؟

پىچىرلايتتىم غايىۋەت مۇڭداشقاندەك سەن بىلەن،
ھاياجانغا سالغاندا روزىكامىنىڭ ② نەزمىسى.
ئاپىرىن بۇ فىلىمگە ياخشىلارنى قىپتۇ جەم،
مەڭگۈلۈك بىر تەۋرىرۈك يېڭى ئەسىر بەزمىسى.

بىرگە ئىدۇق دەل شۇ چاغ سەن ئېكراندا، مەن ئۆيدە،
دىللار رىشتى چىكىلەر زىل تارىلارغا تولۇنۇپ.
ئەنە بوغدا مۇئەللىم ③، م. راشىدىن ④، ق. بارات⑤،
ئوقۇلاتتى شېئىرلار يۈرەكلەرگە ئۇرۇلۇپ.

ئەنە ئىمىن ئەخمىدى سۆز باشلىدى ھەممىگە،
دېگىنىز كەبى قەلبىدىن دۇرلار تۆكۈپ خەلقىگە.

چاۋاك چالدۇق مامۇتجان سەن ئېكراندا، مەن ئۆيدە،
چۆمۈلگەنچە سۆيگۈنىڭ چىن مەنىسى ئەۋجىگە.

باللىقنىڭ شېغىدا سايرىغان شوخ قۇشقاچتەك،
مانا ئەمدى ئابلىكىم⑥ شېئىر ئوقار ئېكراندا.
زوقۇم تېشىپ غايىۋەن دەيمەن ئاڭا پىچىرلاپ،
سايرا دوستۇم بىز هازىر تەبىئەتتە ـ ئورماندا.

دەل ئاشۇ چاغ كەيپىمنى بۇزدى تېلېفون جىرىڭلاپ،
يۈرىكىمگە ئۇرۇلدى خەنجەر بولۇپ شۇم خەۋەر.
«ياق، بۇ يالغان، راست ئەمەس، ئەتە ئالداش بايرىمى،
بۇ چاقچىقىڭ چەكتىن بەك ئېشىپ كەتتى بۇرادەر»

ئىشەندۈردى ئاقىۋەت دوستۇم ئابباس⑦، ئابدۇرېشىت⑧
تىترەك يىغا ئاۋازدا ھەسرەت بىلەن ياش تۆكۈپ.
ئەس ـ ھوشۇمنى يوقىتىپ تۇرۇپ قالدىم تېڭىرقاپ،
ئولتۇراتتى مامۇتجان ئاھ، ئېكراندا خۇش ـ كۈلۈپ.

كىم كۆرۈپتۇ بۇلۇتسىز كۆكتە چاقماق چاققانىنى،
كىم كۆرۈپتۇ يامغۇرسىز چۆلدە كەلكۈن ئاققانىنى.
ئاھ، مەن كۆردۈم دوستلىرىم دەل ئاشۇ چاغ، شۇ پەيت،

مەشۇم تەقدىر ياخشىنى ئەرزائىلغا چاقىقاننى.

قانداق قىلاي! دەرىخا كېتىپ قاپسەن مامۇتجان،
قانداق چىداي! دەرىخا كېتىپ قاپسەن مامۇتجان.
گۇلشەن⑨ ئېغىر ياردار بىلمەس تېغى بۇ ئىشنى،
قان ـ قان يىغلاي! دەرىخا كېتىپ قاپسەن مامۇتجان.

ئوغلى ئىدىڭ خەلقىمىنىڭ يارالغانتىڭ يېڭىشقا،
قەلەم ئاجىز ھېسابسىز خىسلىتىڭنى يېزىشقا.
ئارمىنىزدا ناكەسلەر، چۇپرەندىلەر كۆپتىغۇ،
ۋاھ دەرىخا بۇ ئۆلۈم ساڭا كېلەر نېمىشقا؟

لوتپۇللانىڭ قەبرىسى يالغۇز شەھرى ئاقسۇدا،
ياندىش يېتىپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولاي دېدىڭمۇ؟
ئۇچ قىزىڭنى، گۇلشەننى، دوستلىرىڭنى يىغلىتىپ،
جەننەتكە مەن بۇرۇنراق بېرىپ تۇراي دېدىڭمۇ؟

يىغلار ساڭا تەڭرىتاغ، ئىلى، تارىم، زەرپشان،
يىلىنجايدۇ يالقۇنتاغ ئوتلىرىڭدا ئۇلغىيىپ.
يۇرتۇڭدىكى گۇل ـ گىياھ، دەرەخ، قۇشلار ھازىدار،
ئېرىق ـ ئۆستەڭ ماتەمدە ئاقار غەمكىن تولغىنىپ.

سەن ياراتقان «گۈلزار»⑩دىن ئانا زېمىن يايرىغان،
سەن تىكلىگەن ئابىدە⑪ يۈلتۈز بولۇپ چاقنىغان.
ئۇلغۇياتتىڭ دەريادەك، ئاقاتتىڭ ئەل قەلبىگە،
ئارمىنىڭ بەك كۆپ ئىدى ئىشنى ئەمدى باشلىغان.

ئېچىنىدۇ يەر - زېمىن ئۆلۈمىڭگە مامۇتجان،
بىراق قايىل تۈزىماس روھ گۈلۈڭگە مامۇتجان.
گۈلشىنىڭدە غۇنچىلار ئېچىلغۇسى پۈرەكلەپ،
مەڭگۈ جوردۇر دوستىلىرىڭ دىل كۆيۈڭگە مامۇتجان!

---

ئىزاھاتلار: ① شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسى تارقاتقان 2001 - يىللىق نورۇزلۇق سەنئەت كېچىلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ② روزى سايىت ③ بوغدا ئابدۇللا ④ مۇھەممەتجان راشىدىن ⑤ قۇربان بارات ⑥ ئابلىكىم ھەسەن ⑦ ئابباس مونىياز ⑧ ئابدۇرېشىت بارات ⑨ مامۇتجاننىڭ ئايالى ⑩ يېڭى ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى «گۈلزار مۇكاپاتى» ⑪ مامۇتجان 12 مىليون مەبلەغ سېلىپ قۇرغان «MD شىركىتى» نى كۆرسىتىدۇ.

# چوقىلاردىن ئاقار مۇھەببەت

ئۇخلاپ قال ئەي ئاي،
قارا ئۇ كىم سەن باققان؟
ئۇ ئادەم،
ئۇ ھاۋا
يۈكسەكلىكتە ۋىسال تاپقان.
ئۇ يۈرەك،
ئۇ لاۋا،
چەكسىزلىككە تۇتاشقان.

*

ئۇلۇغ ئانا تۇغمىش بىر ئوغۇل،
ئاشۇ پەيت
تاغ يارالمىش زېمىن ئۈستىگە.
ئارچا ـ قارغايلار بۇدۇر چاچلىرى،
تىك قىيالار ئۇنىڭ قاڭشىرى.
شاقىراتما مۇقەددەس سۆيگۈ،
چىڭ ئورناشقان يۈرەك ـ كۆكسىگە.

*

ئەي سەن تاش

قاتقان ھىجران،

ئۇيغاتتىمۇ يامغۇر تامچىسى

دومىلىدىلىڭ چوققىدىن پەسكە.

جىرالاردا ياڭرايدۇ شاۋقۇن

ئېيقالدىڭمۇ دولقۇننى ئەسكە؟

قېنى ئەي سەن يۇلتۇزۇم؟

سېغىنىمىدىڭمۇ،

ساڭا تەشنا

چاڭقاق يۈرەك دولقۇنۇم. . . .

*

ئارىسىدا يەر ۋە ئاسماننىڭ،

كۆل رەڭ بۇلۇت لەيلىگەن ھەسرەت.

چاقماق،

مۆلدۈر، يۇلتۇز،

كۆيۈك تاغ،

پارچىلىرى يۈرەكنىڭ پەقەت.

1996 - يىلى، 8 - ئاۋغۇست

# دەريا چۆمۈلۈش خاتىرىسى

شېئىر نەدە؟
ئىزدەپ كۆپتىن بولۇپ ئاۋارە،
قالغىنىڭدا شۇنداق ئۇچرىشىپ.
قوشۇلغاندەك ئوتقا پەرۋانە؛
قوشۇلسەن نۇرلارغا شۇ دەم،
ئۆز - ئۆزۈڭنى-قىلىپ مىڭ پارە.

شائىرىدۇر تاغلار زېمىننىڭ،
ئۇزۇن بىر مىسرا.
چوققىلاردىن باشلىنىپ،
يېزىلماقتا چەكسىز دالىغا.

قوچاقلاشتىم، قۇياش بىلەن،
دولقۇنلىغان مىسرادا،
گۈل بەرقىدە.

نۇر كەلكۈنىدە
ئېرىپ كەتتىم. . . .
ئاقتىم شېئىر زىياسىدا.

ئوقۇلماقتىمەن،
ئوقۇماقتا يۇلتۇز، ئاي، ئاسمان،
دۇنيا شۇدەم ماڭا كىتابخان!
1997 ـ يىلى، ئۆكتەبىر

# دىئالوگ

نېمە ئەڭ كەڭ ئالەمدە؟
ـ شائىر يۈرىكى
سىغار ئاڭا پۈتكۈل يەر ـ جاھان!

ـ نېمە ئەڭ تار ئالەمدە؟
ـ شائىر يۈرىكى،
سىغماس ئاڭا زەررە چاڭ ـ توزان!

1997 ـ يىلى، ئۆكتەبىر

# قايتىش

ئۇۋچى ئىدىم. . .
ئوقى زايا كەتمەس بىر مەرگەن،
ساھىللاردا غازنىڭ پېيىدە.
توشقان قوغلاپ جاڭگالنى كەزگەن،
«پۇر»لا قىلىپ توزىسا بىر جان،
مەن ئۆزۈمنى مىسلىسىز سەزگەن. . .

ۋۇجۇدۇمدا قاچان قاقتى پەر؟
پەرشتىنىڭ قانات ـ پەيلىرى.
يۈرىكىمنى سالدى لەرزىگە،
قاي ئىلاھنىڭ چالغان نەيلىرى؟

شۇنىڭدىن بېرى مىلتىق كۆتۈرۈپ،
چىقماس بولدۇم يېشىل دالىغا.
قۇش باللىرى،
چۇرۇقلايدۇ يۈرەك ـ باغرىمدا،
مەن ئايلاندىم سەبىي بالىغا.

1997 ـ يىلى، ئۆكتەبىر

# باھار مونولوگى

نورۇز بوۋا،
خۇش كېلىپسەن.
قوللىرىڭدا يەنە شۇ گۈللەر،
كۆزلىرىڭدە يەنە شۇ يامغۇر،
يۈزلىرىڭدە ئاشۇ كۈلكىلەر...
يوقمۇ بىزگە باشقا سوۋغىتىڭ؟

قوبۇل ئەتكىن،
بۇ دەم سوۋغا قىلايلى ساڭا؛
ئۆزىمىز يارانقان،
دۇنياغا تارانقان،
يېڭى باھارنى...
*
سەن باھارنى كۆرگەنمۇ؟
چاقنايدۇ ئەنە،

بوراندىكى پەرۋازدا،
تاغدەك مەزمۇت ئاۋازدا.
باھار نە قىلسۇن؟
كىچىككىنە سىبىق كۆلچەكتە،
ئۇزۇپ يۈرگەن جۇپ غازدا!

*

شامال بىلەن خۇشى يوق تاغنىڭ،
ئۇ تۇپراققا مەزمۇت ئورناشقان.
شامال دېگەن تايىنى يوق نېمە،
غازاڭ پەيلەر. . . بىلەن دوستلاشقان.

*

سەن سەپەرگە ئاتلانغان چاغدا،
قالدى ھەممە كەينىمدە دېمە.
بولساڭمۇ گەر ئۇچقۇر قاناتلىق،
بەلكىم تېخى ئالدىڭدا ھەممە. . .

*

خۇشال بولۇپ كەتمەكلار قۇشلار،
باھار كەلدى دەپ.
ئىپتىزلارغا بارماقلار،
ئورمانلارغا قونماقلار.

. . . . . . .

ئۇدۇل ئۇچۇپ كىرگىلار،
شائىرلارنىڭ قەلبىگە. . .

*

ئۇ نۇرلاردىن تۆرەلگەن يۈرەك،
يالقۇنلاردا ئېچىلغان پورەك.
يىلتىزلىرى قۇياشتا ـ ئوتتا،
سۇغۇرۇلغان كۆز ياشتا ـ جۇتتا.

*

ئۇ توزۇيدۇ بىراق ئۆچمەيدۇ،
سۆيگۈ، سۇبات ـ ئۇۋا، كۆچمەيدۇ.

*

چاغلىساڭمۇ ئۆزۈڭنى ئېغىر،
ئوبدان قاراپ باق.
ئەلگىكى بار تارىخنىڭ،
تارازىسى خەلقنىڭ.
«كىمدۇرمەن ئۆزۈم»،
سەن ئۇنىڭدىن سوراپ باق!

*

ئەخلەتلەر ئارىسىدا،
چوقۇم بار بىر نېمە.
بەلكىم خىزىر،

ئەخلەتلەرنى ئاختۇرۇۋاتقان،
قېرى دىۋانە...
بەندىلەر،
دۇنيانىڭ يانچۇقىدىن چۈشۈپ قالغان،
ئاچقۇچنى ئىزدەپ ئاۋارە...

*

باھار شۇنداق ئويلايدۇ:
چېچەكلىرىم پىشسا،
كۈز كەلسە.
چۈش كۆرىدۇ كۈز غازاڭلىرى،
باھارىمغا قايتسام دەپ يەنە.
بۇ ئاشۇنداق لەززەتلىك بىر چۈش،
بۇ ئاشۇنداق ھەسرەتلىك كۈتۈش.

*

ئانا بولدى تەبىئەت شۇدەم،
باھار تۇغدى گۈللەرنى قايتا.
جان - جانىۋار شاد، ئادەملەرمۇ ھەم،
ئىللىق سېزىم ئۇچار ھەر جايدا.

تاغلار شېئىر يازار خىيالچان،
ئۆركەشلەيدۇ مىسرالار ھەر ئان.
قۇشلار قىلار دېكلاماتسىيە،
تەكلىماكان ئاڭا كىتابخان.

شۇنداق، باھار ئانىمىز بىزنىڭ،
قۇچاقلايلى مۇھەببەت بىلەن.
مۇھەببەتتە كۆكلىسۇن دۇنيا،
مۇھەببەتتە ياشارسۇن ۋەتەن!

1998 ـ يىلى، فېۋرال

# قاتناش ۋەقەسى

- مەرھۇم قېرىنداشىم ھەسەنجانى ئەسلەپ

ئاشۇ كۈنى،
سۈنۈپ كەتتى يەر شارى ئوقى.
پەرىشتىدەك گۇناھسىز بىر جان،
كېتىپ قالدى ئۇلاشقا ئۇنى.

*

شۇنداق كاجمۇ،
ياخشىلارنىڭ تەقدىرى.
ئانا كۆزىدىن دومىلىغان ياش،
قىيامەتنىڭ تەسۋىرى!

*

دومىلايدۇ قان يۇقى چاقلار،
مەست يوللارغا،
ھايات دېگەن نېمىتى !

1998 - يىلى، 26 - ئاپرېل

# سەھەر

كۈن قەيەردىن چىقىدۇ؟
تاغ كەينىدىن ياكى دېڭىزدىن!
قاراپ باقساڭ ئەقلىڭ كۆزىدە،
كۆتۈرىلەر.
دېھقان تەرى تۆكۈلگەن
ئالتۇن باشاق كۈلگەن ئېتىزدىن.

*

شەپەق سۆيگەن مايسىلار،
شۈنچە مۇڭلۇق نېمىگە؟
ئۇلار يىغلار ھەر سەھەر،
دېھقانلارنىڭ ئەجرىگە!

*

ئۇپۇق گويا كەڭرى داستىخان،
قۇياش بىر نان قىزىرىپ پىشقان.
ئويلايلى شۇنى،
بىزگە مېھمان.
كىم ئۇ ساھىبخان!

1998 ـ يىلى، 27 ـ ئاپرىل

# تۇغۇلغان كۈن

(ھەزىل)

تۇغۇلغان كۈن مۇقەددەس كۈنۈڭ،
تەڭرى دەپتىرىگە پۈتۈلگەن.
جاراڭلىغان مەۋجۇتلۇق كۈنۈڭ،
تەن ۋە روھىڭ نۇرغا چۆمۈلگەن.
يوشۇرمىغىن يېشىڭنى زىنھار،
چېقىلمىسۇن ۋىجدان ئەينىكىڭ.
يوشۇرغانغا ئۇچامتى ئەبەد،
لەيلەپ يۈرگەن ئۆمۈر لەگلىكىڭ!

1998 - يىلى، ماي

# قۇلى بولما ئۆزۈڭنىڭ. . .

ئوت ۋە سۇ بار يەردە، ئەرشتە،
ئادەملەردە شەيتان،
پەرىشتە.
كۆلسۇن قەبرەڭ بېشىدا گۈللەر،
روھىڭ پەرۋاز قىلسۇن بېھىشتە.
قۇلى بولما ئۆزۈڭنىڭ. . .

ئالەم كەبى كەڭ تۇت كۆكسۈڭنى،
كۆرۈپ تۇرسۇن كۆزۈڭ كۆزۈڭنى.
ۋۇجۇدۇڭنى باسمىسۇن زۇلمەت،
قۇياش كەبى پارلات ئۆزۈڭنى.
قۇلى بولما ئۆزۈڭنىڭ. . .

ئەقىل شەمشەر باستۇرمىغىن دات،
ئىز گۈلۈڭنىڭ نۇرىنى تارات .

قورشۋالما ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ،
تەن ۋە روھىڭ يايرىسۇن ئازاد.
قۇلى بولما ئۆزۈڭنىڭ. . .

ۋۇجۇدۇڭدىن سۈپۈر ھەسەتنى،
يامراپ تۇرغان ئۆچ ـ ئاداۋەتنى.
تەقدىرداشىمىز ھايات يولىدا،
ئۇرغۇت دىلدىن چىن مۇھەببەتنى.
قۇلى بولما ئۆزۈڭنىڭ. . . .

1998 ـ يىلى، ئىيۇن

# ھەسەن ـ ھۈسەن

نېمە دەپ ئويلىغان بولغىيتتىم،
شۇ سەبىيلىك ـ باللىقىمدا؛
مومام بىلەن تېزەك تەرگەن سايلىقتا،
تۇتىمەن دەپ ھەسەن ـ ھۈسەننى،
قوغلىغىنىم تېخى يادىمدا.
يېتەلمەيتتىم يۈگۈرگەنسېرى،
چاقنار ئىدى بىراق ئالدىمدا. . .

ئۆتۈپ مانا كۆپ يىللار بۈگۈن،
كۆل رەڭ شەھەر ئاسمىنى ئارا،
ئايان بولدى ئاشۇ مەنزىرە.
ھەسەن ـ ھۈسەن باللىقىمدەك،
سالدى قەلب كۆيۈمگە گىرە.

چۈرقىرار ئوغلۇم؛

«دادا، دادا ئاشۇ بىناغا—
چىقسام ئاڭا يېتەرمۇ قولۇم»

كىچىككىنە قىزىم بالكوندا،
غەلۋە قىلار،
ماڭا ئۇنى ئېلىپ بەرگىن دەپ.
يۈرەكلىرىم كۆيەر يالقۇندا،
بالىلىق دېگەن تاتلىقتۇر ئەجەب...
مانا چوڭ بولدۇق،
بولدۇق بالىلىق،
ھەسەن - ھۈسەن قىلالماس ھەيران
پەقەت ئۈمىد نۇرىدەك،
ئىزگۈ روھىنىڭ رەڭدار يولىدەك،
بىر كۆرۈنۈپ بولىدۇ غايىب،
قوزغاپ دىلدا قىسقا ھاياجان.

1998 - يىلى 24 - ئىيۇل

# شەپەق لىرىكىسى

تاڭ شەپەقلىرى،
لەۋ ياقار ئاق چوققىغا،
تۇنجى رەت.
كەچكى قۇياش،
سۆيۈۋالار ھەم،
ئاخىرقى نۆۋەت.

بەكمۇ گۈزەل ھاياتتا،
سۆيۈش - سۆيۈلۈش.
تۇنجىسى، ئاخىرقىسى،
ئۇنتۇلماس پەقەت!

1998 - يىلى ئۆكتەبىر

# چۈشۈمدىكى دەريا

سەن سادىرنىڭ ناخشىسى،
ئېيتىلىپ بولالمىغان.
سەن مۇقەددەس چۈشۈمدىكى قان،
تومۇرىمغا پاتمىغان.

*

بويلىرىڭغا كېلىپ تۈنجى رەت،
قاراپ كەتتىم ئۇزاق بەك ئۇزاق...
ئايلىنىپ ھەم سەبىي بالىغا،
ئاتتىم ئۆزۈمنى،
دولقۇنلىرىڭغا.
قوشۇلۇپ ھەم بېلىقلىرىڭغا،
ئۈزۈپ كەتتىم،
ئايتماتوۋنىڭ ئاق پاراخوتىغا..

1998 - يىلى، دېكابىر

## مۇبارەك ئاتىجان تۇغۇلغان كۈنۈڭ

ئادەم قىلىپ ياراتتى تەڭرى،
يارىلىشقا بېرىپ شان ـ نىشان.
تۇغۇلغان كۈن مۇقەددەس كۈندۇر،
قوزغىتىدۇ دىللاردا ئارمان.

ئاسان ئەمەس ئادەمدەك ياشا،
سەپەر قىلماق، داۋان ئاتلىماق.
ھەر قەدەمدە چاقنىتىپ قۇياش،
مۇشكۇللەرنى بەلدىن قاتلىماق.

مۇبارەك ئەي قەدىردان ئاتا،
قۇتلۇق بولسۇن تۇغۇلغان كۈنۈڭ.
يىراقلاردا بولساممۇ ئەمما،
يۈرەكلەردە جاراڭلار ئۈنىڭ.

پەرزەنتسىز ئانا تۇپراقنىڭ،
ئۈمىد كۆتەر تارىم، تەڭرىتاغ.
گۈللەر تولسۇن ھايات بېغىڭغا،
بەخت ساڭا يار بولسۇن ھەر چاغ.

1999 ـ يىلى، ئۆكتەبىر

# ئايالىمغا

بۇ دۇنياغا كېلىپ سۆيگۈدىن،
قەدەم باستۇق هايات يولىغا.
ئاتا ـ ئانا مېھرى ئوت بولغاچ،
چۆمۈلدۇق ھەم بەخت نۇرىغا.

سەن قەيەردە، مەن قايسى جايدا،
ياشار ئىدۇق قىلچە تونۇشماي.
ئۆتكەن ئىدى غەمسىز بالىلىق،
ئويناپ كۈلۈپ بەختىيار ئايھاي!

ئەمدى بىلسەم سۈننەت تويۇمدا،
ئويلىغان قىز سەنكەنسەن ئەسلى.
سەن چۈشۈمگە كىرگەن تۈنجى كۈن،
باشلانغان باھارىم پەسلى.

كىرىپ ياشلىق بېغىغا ئاخىر،
بىر ياستۇققا قويۇشتۇق ھەم باش.
تۆرەلگەندەك دۇنياغا قايتا،
پاك سۆيگۈدىن پارلاتتۇق قۇياش.

شۇ يوسۇندا ئۆتتى كۆپ يىللار،
سۆرەپ تۇرمۇش ئاتلىق ھارۋىنى.
ئاشۇ يولدا قالدى ئىزىمىز،
تەڭ كۆرۈشۈپ يوقنى ـ بارىنى.

ئاچچىق ـ تاتلىق كەلدى قوشۇلۇپ،
گاھ سوقۇشتۇق، گاھ قۇچاقلاشتۇق.
گاھ سۆيۈشتۇق، گاھ تاتلاشتۇق،
ماي تارتىشىپ يەنى ئالداشتۇق. . . .

بىر جۈپ پەرزەنت بولۇپ جۈپ قۇياش،
سۆيگۈمىزنى يورۇتتى پارلاق.
سۆيگۈمىزنىڭ گۈلى ئەسلى ئۇ،
بۇزالىسۇن شەيتانلار قانداق!

ياشايلى بىز شۇنداق شاد، ئىناق،
مۇشكۇللەرگە ئەگمەي قىلچە باش.
ئەگرى ـ توقاي بولسىمۇ ھايات،
باقىيغىچە بولۇپ سەپەرداش.

1999 ـ يىلى، 17 ـ نويابىر

# رۇبائىيلار

مۇھەببەتنىڭ ئاخىرى نەپرەت،
نەپرەت ئارا چاقنار مۇھەببەت.
ھايات دېگەن بىردەملىك ئويۇن،
ئۆلۈم ـ تۇغۇم بەرھەق ـ راست پەقەت.

*

ھايات دېگىمىز شور كەبى قىرتاق،
ئۆلۈم كۆرۈم ئىككى يان ـ قىرغاق.
ئايلاندۇرسا نەپسىڭ بىلىقا،
گۆش بولۇرسەن ئاخىرى بىر ۋاق.

*

بولاي دېسەڭ ئېسىل، چىن ئىنسان،
روھ دەرىخىڭ ئۆسسۇن باراقسان.
پۇتاقلارغا تولسا گەر قەلبىڭ،
پۇتلىشارسەن ئۆزۈڭ بىگۇمان.

*

بوراندا تىك، مەغرۇر، تۇرغاچ قىيا تاش،

دولقۇنلار ئەركىلەپ ئېتىدۇ باخاش. . .
غۇرۇر ئۇ چىدامدىن تۆرەلگەن مېۋە،
قامغاققا تالىقتۇر دومىلاپ ياشاش.

*

تەن ـ زېمىن، روھ ئۇنىڭ قۇياشى ـ ماھى،
زەڭگەر كۆك، نۇرجانىنىڭ ئارامى ـ جايى.
جۈپ قانات تەڭشىكى بولغاچ بۈركۈتنىڭ،
پەرۋازى بوراندا، يۇلتۇز نىگاھى.

*

مۇ قاتقان چوقىدىن تارار سوغۇق نۇر،
يالتىراق جىلۋىدىن كىم ئالار ھۇزۇر.
شائىر سەن ئايلانغىن شېئىرغا ئۆزۈڭ،
بىر دەريا سۆيگۈدەك لەڭ ئۇرسۇن تومۇر!

*

ۋاپاغا جاپادۇر يۈرىكى يوق پەس،
ئالدىڭدا ھىجىيار، دىلىدا شۇم قەست.
ساداقەت دەرىخى كۆكلەر باراقسان،
ئەجىرسىز ئولجىنى باسار ئاخىر نەس.

*

كەل ئەي نىگار قەلبىمدە پورەكلىگەن گۈل لالەم،
تەشنالىقتا ـ ھىجراندا مەيگە تولدى پىيالەم.

سېنى مەڭگۈ ئىزدەرمەن، چۆل- جەزىرىنى كېزەرمەن،
سەنسىز ماڭا لەھەتتۇر بۇ كەڭ دۇنيا، كەڭ ئالەم.

*

يىراق كۆرمە تاغلارنى شىرمەرتلەرنى كۈتىدۇ،
ئۇ بۇركۈتكە ئايلىنىپ ئۇپۇقلاردىن ئۆتىدۇ.
پەرلىرىدىن نۇر تۆكۈپ، كائىناتنى يورۇتسا،
ئۇنى تەڭرى زېمىنىنىڭ يۈرىكىگە پۈتىدۇ.

2000 - يىلى، ماي

## ياز ئاخشىمى، ئارچىزار، چىملىق...

بەختىنىڭ كۆزى ئىدى
يۇلتۇزلار شۇدەم؛
روھ، تەن دولقۇنلار،
شۇڭغىماقتا ئاي،
بۇلۇتلارغا ھەم.

قىرىق يالغان بولماقتا ئايان؛
گۇل يوق ئىدى،
ئىچىلدى گۇللەر؛
سۇ يوق ئىدى،
ئاقتى دەريالار
قۇش يوق ئىدى،
جۇپ قۇش پەرۋازدا،
قۇچاق ئاچتى ئاڭا كەڭ ئاسمان!

*

دۇنيا گۈزەل چىن سۆيگۈ بىلەن،
دوزاخقا تەڭ سۆيگۈسىز جەننەت.
ھايات گۈلى ياشنايدۇ تىمەن،
مۇھەببەتتىن ئىمىپ نۇر، شەربەت.

مۇھەببەتنى يارىتقان تەڭرىم،
مۇھەببەتتە پارلايدۇ يۈكسەك.
ياز ئاخشىمى، ئارچا، يېشىل چىم. . .
سۆيگۈ ئۈچۈن يارالغان دېمەك.

2000 - يىلى ئاۋغۇست

# ئۇرۇمچى ئەستىلىكلىرى

سەن ئۆلمەس چۇشلىرىمنىڭ ئۇۋىسى،
ھىجرانىم قارلىرىڭدىن باشلانغان.
روھىم پەرۋازى ئاق بۇلۇتلىرىڭ،
كۆزلىرىڭ كۆزلىرىڭ ياشلانغان.
كىم ئۇنتار ياشلىقنى، لاۋانى،
بار تاغدا شەپەق ئارا جىلۋىسى.
كىم ئۇنتار پاك سۆيگۈنى - ۋاپانى،
ئۇ مەڭگۈ چىن ۋىجداننىڭ قىلۋىسى.
ئىھ سىنىڭ بورىنىڭ، چاقماقلىرىڭ،
قەلبىمنى لەرزىگە سىلىپ كەلگەن.
ئۇپۇقتا تۇتاشقان دولقۇنلىرىڭ،
ئۇمىد يەلكىنىنى ئىلىپ كەلگەن.
ھاياتنىڭ جەڭگاھى ئىدى قوينۇڭ،
ئىشەنچ يىلتىزى بىخلىغان سەندە.
ئارمانلار ئارمانلارنى ئۇلغايتىپ،
ئويغاق تۇيغۇنى قىلغان بەخشەندە.

رشتىمىز روھ بۇرجىدا چىگىلگەن،
ئاشىقلىق ئوتى شۇنداق مۇقەددەس.
چىن بەخت نۇرى چاقنار غايىبتا،
ئۇنى شىرشىم يۇرەكلەر كۆرەلمەس.

*

تاغلىرىڭنى چۇشەيمەن پات ـ پات،
يۇلتۇز سۆيگەن ئاپئاق چوققىلار،
سانجاق ـ سانجاق قارغايلارنى ھەم.
بۇلۇتلارنىڭ ئۆركىشى ئارا،
ئاڭلانغاندەك چەكسىز بىر سادا.
ئويغىنىمەن روھلىنىپ ھەردەم.
يىراق ئەمەس ئىدى ئۇ جايلار،

كىم ئەسلىمەس ئۇنى ئارماندا؟
ئۇمىدنىڭ ئۆركىشى قاينام،
روھى تەنتەنىسى بايرام،
بۇركۇت قانات قاققان بوراندا.

. . . . . .

ئېھ سۆيەتتىم شۇ مىجەزىڭنى،
قىشتا ياغقان يامغۇرلىرىڭنى.
تومۇزدىكى ئاق قارلىرىڭنى.

*

باغرىڭدا باغ ئىدى ئۇنىۋېرسىتېت،
بىز يىراقتىن ئۇچۇپ كەلگەن قۇش.
نېمە شادلىق، نېمە غەم قايغۇ،
بىلگەندۇق ھەممە نەرسىنى،
نېمە ھايات، نېمە ئۇ تۇرمۇش.

ئايرىلىشنىڭ تەمىنى تېتىپ،
كۈتەر ئىدۇق سېغىنىشتا خەت.
جۇدۇنلاردا يامغۇر بوراندا،
ئاتا ـ ئانا مېھرى ئوت بولۇپ،
كۆيدۈرەتتى يۈرەكنى قەۋەت.

قىرىق تال گۈل قىرىق ساۋاقداش،
بولغاندۇق بىر تەن ھەم بىر باش.
شۇ دەملەرگە بولغان مۇجەسسەم،
قىسمەتكە باي ئاجايىپ ئىزلار،
ئەڭ ئازابلىق ئەڭ شېرىن ھېسلار،
بار سېغىنىش ھەم پارچە كۆز ياش.

سەككىز كارۋات تىزىلغان قاتار،

روھ غەليانى غىچىرلاشلىرى.
كۈيلەر جىمجىت ئۇزۇن كېچىلەر،
ئەجەب قىزىق ۋاقىراش، جۆيلۈش.
تامشىغان لەۋ شىۋىرلاشلىرى.

بار قىزغىنلىق، بارچە مۇھەببەت،
بىر بىزگىلا تالىقتى پەقەت.
گاھ سوقۇشۇپ، گاھ چاقچاقلىشىپ،
ساختىلىققا ئوقۇيتۇق لەنەت.

تاڭ ئەركىسى قۇياش بىلەن تەڭ،
ياتاق، سىنىپ، كۇتۇپخانىدا،
نۇر ئىزدەيتتۇق نۇرغا پۈركۈنۈپ.
ھەسرىتىگە چۆكۈپ تارىخنىڭ،
شور قىسمەتتىن كەتكەن شۈركۈنۈپ.

ئۆتكەن شۇنداق ئاجايىپ كۈنلەر،
دولقۇنلاردا تەلۋە ئاتىلىپ.
مەردلىك، ۋاپا، غۇرۇرنى كۈيلەپ،
دوقاللارغا مىختەك قادىلىپ.

ھەسرەت قۇشى چوقۇيدۇ يۈرەك،
شۇ بوش ۋاقىت ئۆتكەن لاغايلاپ.
سۆيۈلمىگەن ئەشۇ مىنۇتلار،
كەچۈر دەيمەن ئاستا پىچىرلاپ.

*

ئېھ دۆڭ كۆۋرۈك ئوتى يامان جاي،
سېنى يازماي ئۇنامدۇ يۈرەك؟
بويلىرىڭغا سالىدۇ گىرە،
تۇيغۇلۇرۇم تارتىپ شاخ ـ پىلەك.

سەندە يۇرتنىڭ ھەممە گۈلى بار،
ھەر يىلتىزى كەچمىش رىۋايەت.
بىر يۈرەكسەن گۈپۈلدەپ تۇرغان،
ھايات ئىشقى شوخ بەرق ئۇرغان،
دولقۇنلىغان دەريا مۇھەببەت.

ئېسىمدە شۇ تۇخۇمەك دەرەخ،
مەن تاياق يەپ يىقىلغان شۇيەر.
قانلار ئاققان يېرىلغان قاپاق،
بىراق كۆزۈم بولغان مىخ ـ نەشتەر.
سېغىنىمەن شۇ تۆت مۇتتەھەمنى،

بىرگە بىر بوپ ئېتىشىپ باقساق،
بىر بوتۇلكا ئىچىشىپ باقساق،
تاياق يېيىش نومۇس ئىش ئەمەس،
قېچىش نومۇس كەلگەندە خەتەر.

بار ئىدى بىر تىلەمچى بالا،
يىلىنجايتتى ۋۇجۇدىدا جان.
ئاياز دىمۇ چىقىپ يالىڭاچ،
«ئاكا - ئۇكا بىر موچەن بەر» -، دەپ
ئالالمىسا تىل سالىدىغان.
ھېيىقمايتتى ئۇ ھېچنىمىدىن،
سوغۇق ئۆتمەس ئىدى تېنىدىن.
يىگىت بولۇپ قالغاندۇ ھازىر،
. . . . . .
بۇ شۇنداق يەر شامالدەك ئەركىن،
كىتاپپۇرۇش موزدوز كاۋاپچى.
ھاكىم، ۋالىي، مايلامچى بالا.
روھى كېسەل، شائىر، ھاراقكەش،
ھېچكىم دەخلى قىلالماس ئاڭا.
ئېھ جەنۇبلۇق دېھقان تۇغقىنىم،
بۇ بازارغا كېلىپ كۆرۈپ كەت.

هوقۇق نېمە، غۇرۇر نېمە ئۇ؟
كۆزۈڭ ئېچىپ ئوبدان كۆرۈپ كەت!

*

يانچۇقچى بۇرادەر نەدىسەن هازىر،
قورقۇمسىز كۆزلىرىڭ كەچتى ئېسىمدىن.
لياڭ شەندىن كەلگەن بىر مەرددەك تۇيۇلۇپ،
ياخشىلىق تىلىگەن ئىزگۇ سېزىمدىن.
بىز شۇنداق توساتتىن قالغان تونۇشۇپ.

يېشىڭمۇ كىچىككەن قاڭقىپسەن تاشتەك،
كېزىپسەن زېمىننى جاهانكەشتى بوپ.
هەي ئىست ئەقلىڭگە، ساۋاتسىزلىغىڭ -
سىرىلگەن يۈرىكىم هەسرەتكە تولۇپ.
بىز شۇنداق توساتتىن قالغان تونۇشۇپ.

ئۇ چاغدا يوق ئىدى ئاق ئالۋاستىمۇ،
بۇكەمگە يۈرگەنسەن ئاڭا تۇتۇلۇپ.
نادانلىق بەك يامان كېسەر ئەقىلنى،
يۈرگەنسەن بەختسىز چۈشلەرنى كۆرۈپ.
بىز شۇنداق توساتتىن قالغان تونۇشۇپ.

*

شۇ ئورۇندۇق، ئاشۇ غايىب قىز،
ئولتۇرغانتۇق سۇرلۇك ئورماندا.
قىرغاقلارغا ئۇرۇلار دولقۇن،
يېلىنجار ئوت تومۇردا، قاندا.
غەرق بولغان گۈللەر، دەرەخلەر،
لەززەت ئاقار چۈشتەك جىلۋىگەر،
ۋۇجۇدلاردا مەڭگۈلۈك مۆھۈر،
يانغان شۇ كەچ يۇلتۇز گۇماندا...

*

چىن سۆيگۈنىڭ مەنىسى چوڭقۇر،
دۇنيا باشقا ئاشىق كۆزىدە.
قۇياشقا تەڭ پىنھان ئوتلار بار،
پارلايدۇ ئۇ ئازاب يۈزىدە.

سەن بىلەمسەن ئەركە ئوماق قىز،
پاك سۆيگۈمنى قىلمىغان ئىزھار.
چىن ئاشىقلىق ئېرىشىش ئەمەس،
مۇھەببەتنى يېڭىش باتۇرلۇق،
غۇرۇر دېگەن ئەڭ يۈكسەك شوئار!

*

ئۆتكەن تالاي ئۇزۇن كېچىلەر،
يوللىرىڭنى قىلىپ غەرق مەست.
قوچاقلاشقان قارلىرىڭ بىلەن،
قوترىغاندا ئەسەبىي ھەۋەس.

شېرىن دەملەر ئۇنتۇلماس مەڭگۈ،
كېچىلىرىڭ يۈرەككە نەپەس.
ھەر ياپراق، ھەر تاشلىرىڭ گۇۋاھ،
يۇلتۇزلارغا نەقىشلەنگەن ئەس.

2001 - يىلى ئاۋغۇست

# سونېتلار

يىراقلاردا قالدى گۈزەل سەبىي بالىلىق،
بۇلاقلارغا چۆككەن يۇلتۇز - نۇردەك يالتىراپ.
ئايرىلىشنىڭ ھەممىسىلا ئەمەس قارىلىق،
ئۇ بىر دەريا ۋۇجۇدۇمدا ئاققان شارقىراپ.
ئۇنتۇلمايدۇ بوۋىلارنىڭ چۆچەكلىرىدەك،
ئەركىن بۈركۈت بالىسىدەك ئەيلەيدۇ پەرۋاز.
ئېچىلىدۇ نەۋ باھارنىڭ چېچەكلىرىدەك،
جاراڭلايدۇ روھ بېغىدا بولۇپ سېھرى ساز.
ئانىلارنىڭ پاك سۈتىنى سۈمۈرۈپ ھەردەم،
شەپەق سۆيگەن ئۇپۇقلاردەك كۆلەر بىغۇبار
پەرىشتىنىڭ چۈشلىرىنى ئەيلەپ مۇجەسسەم،
بارچە ئىزگۈ قەلبلەرنى قىلار ئىنتىزار.
ئۇ بىر رەسسام يۈرىكىمگە سىزغان ئاق بۇلۇت،
ھاياتىمنىڭ دەرىخىگە ياغقان يامغۇر قۇت.

*

باغ بىلەن تاغ ئارىسىدا چىغىر يوللار بار،
كىملەر ئاققان سايدىكى ئۇ سان ـ ساناقسىز تاش؟
كولدورمىلار جاراڭلايدۇ كۆي تۆكىدۇ تار،
رىۋايەتنىڭ كۆزلىرىدىن تۆكۈلىدۇ ياش.
بالىلىقتا ھەمراھ ھامان چۆچەكچى بوۋاي،
كونا تۇگمەن يوللىرىدا قالغان تالاي ئىز.
بەك خىيالچان كۆرۈنىدۇ كۆكتە تولۇنئاي،
تۇيغۇلاردىن كائىناتقا چىرمىشار يىلتىز.
ئايلىنىدۇ دۇنيا غايەت گۈزەل دەرەخكە،
جىمىرلايدۇ ئالتۇن مېۋە ـ ساناقسىز يۇلتۇز.
يوپۇرماق، قۇش، يۈرەك ياشنار چىن مۇھەببەتتە،
تۆكۈلىدۇ پەرۋازىدىن يېشىللىق بەك ئۇز.
بالىلىقنىڭ نۇرلىرىدا يورىسا دۇنيا،
باياۋانمۇ ئايلىنىدۇ جەننەتكە گويا.

*

ئېھ، بالىلىق ئاق قارلارغا سىڭىپ كەتتىمۇ؟
بوۋامدەكلا سۇرلۇك، تەمكىن يۇرتۇم تاغلىرى.
ياكى سۇزۇك سۇلار بىلەن ئېقىپ كەتتىمۇ؟
مومامدەكلا مېھرى ئىسسىق يۇرتۇم باغلىرى.
قانداق ئۇنتاي بالىلىقتىن قالغان ئىزلارنى،

قوغۇنلۇقتا كۆرگەن چۈشلەر چىقمايدۇ ئەستىن.
كۆرەلمەيسەن تاغ سۇيىدەك جۇشقۇن ھېسلارنى،
روھى قۇرۇق، ئېتقادسىز، يۈرىكى پەستىن،
جاراڭلايدۇ ۋۇجۇدۇمدا لاي ـ لاي ناخشىسى،
ئەسكە سېلىپ كۈمۈش تەرلەر، ھالال مېھنەتنى.
ئەڭگۈشتەردەك تۈيۈلىدۇ بوۋام ھاسىسى،
سەن بىلەمسەن شۇ تۈيغۇلار بەرگەن لەززەتنى.
كۆرۈپ قالدىم سەبىيلىكىم تۇرار يالتىراپ،
شەپەق سۆيگەن چوققىلاردىن زېمىنغە قاراپ.

*

سەن بىلسەن خىسلەتكە باي ئۈژمە دەرىخى،
قەدىم كارۋان يوللىرىدا تۇرار كۆكىرىپ.
يىپەك بىلەن تۇتاش زېمىن غەرب ـ شەرقى،
سوزۇلىدۇ نىگاھلاردا نۇرغا پۈركىنىپ.
چۈشلىرىمگە رەڭ بېرىدۇ ئاشۇ ئۈجمىزار،
خىلۋەتتىكى جەننەتتەكلا بۇلاق، ھويلا، باغ.
يۇسۇپ ـ ئەھمەد قىسسىنى كۈيلەيدۇ دۇتار،
مەن ئۆگزىدە يۇلتۇزلارغا پىچىرلىغان چاغ.
ئەسلى سورتى قالمىدى ھېچ بۈگۈن ھەممىنىڭ،
ئۆزگەرمىدى بالىلىقتەك شۇ قۇتلۇق مېۋە.
ئېھ، مەن ئۈچۈن مەنىسى بار ئۈجمە تەمىنىڭ،

شاخلىماقتا ۋۇجۇدۇمدا قىلىپ تەنتەنە.
روھ قۇشلىرى ئۇۋا سالغان دەرەخ نەدە بار؟
دۇنيا ئاخىر چۇشىنىدۇ نىمە ئىپتىخار!

*

تۇنجى سۆيگۇ باللىقتا ئۇرغۇغا بەرىق،
ئاتقان بىھۇش بىلىنجاندەك لەززەت سۈيىدە.
خىياللىرىم بولغان رەڭدار چۇشلەرگە غەرق،
بەخت لەززەت ناخشا ئىيتقان قۇشلار كۈيىدە.
قوغلىشاتتۇق ئاشۇ باغدا شۇنچە پاك، مەسۇم،
تىترەر يۈرەك كىپىنەكتەك گۇلنىڭ بەرگىدە.
لەۋلەر شىرىن، زىناقلاردا ئوينار تەبەسسۇم،
شۇدەم گىياھ ـ يوپۇرماقلار توي ـ مەرىكىدە.
چۇشىمىزنى بۇزۇپ گاھى قوغلىغاندا ئىت،
يۈگۈرۈپ ـ يۈگۈرۈپ چىقىۋالغان ئۇجمە شىخىغا.
تويۇلاتتى گاھى ھەممە خىيالچان جىمجىت،
تىلىگەندەك ئاسايىشلىق سۆيگۇ بىغىغا.
تۇنجى سۆيگۇ بەكمۇ گۇزەل تاپمىغاچ ۋىسال،
سەبىيلىكنىڭ كۆكىدىكى مەڭگۇلۇك ھىلال.

*

قاچانلاردا قالدىم ئاشۇ چۇشكە ئىلىنىشىپ،
ھىسلىرىمغا يايار توزدەك قاناتلىرىنى.

يىلتىزلىرىم يىلتىزىغا كەتكەن چىرمىشىپ،
كۆرسەممۇ گەر ئاقار يۇلتۇز ماماتلىرىنى.
ماڭا ئۈمىد بەخش ئەتكەن قايسى غايىب روھ؟
جىنىمغا جان قوشۇلىدۇ كەلسىمۇ خەتەر.
ئىزدىگەندەك قۇرۇقلۇقنى توپاندىكى نوھ،
ئىنتىلىمەن ئاڭا تاكى ئۆلگەنگە قەدەر.
ئادىمىيلىك مەنزىللىرى يۈكسەك ـ مۇقەددەس،
ئېرىشەلمەس ھېچكىم ئاڭا قويىۋەتسە بەل.
ساختىلىقنىڭ قۇيرىقىنى باسار ئاخىر نەس،
ياغدۇرغاندەك تەڭرى يامغۇر ئەللەيىنگە دەل.
بار شۇنداق بىر مۇقەددەس روھ دۇنياغا تۇۋرۇك،
ھايات ـ مامات پاسلىغا سىلىنغان كۆۋرۈك.

*

سۇ ئۈزۈشنى بىلگەن قورقماس قاينام ـ ئېقىندىن،
بىلمىگەنلەر يەم بولىدۇ دولقۇنغا شەكسىز.
ھايات يولى ئەگرى خالىي ئەمەس چېقىندىن،
ياشا ھوشيار، چۈشۈپ كەتمە ھاڭلار بار تەگسىز.
ئىشەنمىگىن دوستۇم دەپلا كۆلكە چىرايغا،
تۇرمۇشمۇ بىر جەڭگاھ ئۇندا بار قورچاق ئەسكەر.
تەييار ئەمچەك ئىزدەش ھامان كەسىپ موزايغا،
قىزلار ئۈچۈن ياشاش ئاسان نومۇس ساتسا گەر.

گاھى بەندە ياشار شۇنداق يوللار ئىلكىدە،
بىراق مەردلەر يول ئاچىدۇ قالدۇرۇپ زەر ئىز.
ھەقىقەت شۇ: خۇشاللىق يوق يالغان كۈلكىدە،
سۇنئىي چېچەك ئېچىلسىمۇ تارتالماس يىلتىز.
نەزەر سالساڭ سۇ يۈزىدە لەيلەيدۇ كۆپۈك،
غەۋۋاس ھامان ئوكيانلارنىڭ ئاستىغا چۆكۈك.

*

ئادەم، ھاۋا مىراسدۇر ۋاپا - ئەقىدە،
ئەجەب گۈزەل رىۋايەتكە ئايلانغان ئۆتمۈش.
قانچە قىسسە يېزىلغاندۇر مەردلىك ھەققىدە،
سۆيگۈ ئۈچۈن قۇربان بەرگەن ئەمەس ھەرگىز چۈش.
سېغىنىمەن گاھى جىمجىت قەدىم ئورماننى،
تەن ۋە روھىم تەبىئەتكە كەتسە قوشۇلۇپ.
ھاراق، شەھۋەت ئۆلتۈرمەكتە نومۇس - ۋىجداننى،
ساختىلىقنىڭ چەمبىرىدىن كەتسەم قۇتۇلۇپ.
شەيتانلارنىڭ چاڭگىلىدا ئوينار نامەردلەر،
يۈندىلارغا قونغان چىۋىن كەبى بۇلغىنىپ.
قېنى تەڭرى ئاتا قىلغان گۈزەل خىسلەتلەر،
ئازاب چېكەر مۇقەددەس روھ قىلدەك تولغىنىپ.
قارا تۈنگە مەنسۇپ ئەبەد چاشقان - شەپەرەڭ،
جەننەت بۇركۈت قانتىدا يېيىلىدۇ كەڭ.

*

ئۈچراپ قالدى يولدا غېرىب، مىسكىن بىر بوۋاي،
يىغىندىلا تېخى ئىدى كاتتا ئەمەلدار.
كۆزلىرىدىن تۆكۈلىدۇ مۇڭ، غەم بىر تالاي،
ئۇنىڭ كىبىر سېپىلىنى كىم قىلدى تارمار؟
ئۆتسە ساۋاب ـ ساخاۋەتتە كىم ئۆمۈر بويى،
ئەلنىڭ قەلب باغلىرىدا تۇراركەن ياشناپ.
ئەمەل بارده ئەلنى ئالداش بولسا گەر خۇيى،
قالار ئىكەن بۇلۇڭلاردا كۆزىنى ياشلاپ.
بۇ ھاياتنىڭ يېشى بار سىرلىق ئاجايىپ،
ئېگىز ـ پەسلىك بىر سىزىقتا بولۇر ئاخىر تەڭ.
ئۆز ـ ئۆزۈڭنى تونۇمىساڭ گۇناھقا پېتىپ،
تونۇتىدۇ يوللىرىڭدا ئاچ قالغان لەھەڭ.
ئانا ئۇلۇغ چۇنكى قىيىن ئۇنىڭ تولغىقى،
شۇنچە تەسمۇ بەندىلەرنىڭ ئادەم بولمىقى؟

*

چاقنار ئانا تەبىئەتتە تەڭرى شولىسى،
سۆيگۈ ئۈچۈن يارالغانغۇ ئىنسان، كەڭ زېمىن.
بۇلغانمىغان تامچە قېنى، چىمدىم توپىسى،
تومۇرلاردا چىن گۈزەللىك ياسىغان ئېقىن.
قاي ئىبلىسنىڭ ۋۇجۇدىدا يامرىدى ھەسەت،

يا سەۋەبمۇ پاندۇرانىڭ مەشۇم قۇتىسى؟
ئۇزۇلمىدى ئۇرۇش، كېسەل، ساناقسىز ئاپەت،
چۇۋۇلغاندەك كۇھنقاپنىڭ چاڭگا ئۇۋىسى.
پەرىشتىلەر ئاگاھىغا كىم سالار قۇلاق؟
كىم ئەكىلەر زەيتۇن شېخى ـ ئۈمىد نوتىسى.
غاپىلىقنىڭ كۆلچىكىگە ئۇرۇلدى پالاق،
تۇگىمىدى گۇناھلارنىڭ پۇشمان تووۋسى.
ئېتىلماقتا يېڭى توپان ـ ئەيدىزدىن ساداق،
قېنى ئەي سەن نوھ كېمىسى ئىنتىلگەن قىرغاق.

2001 ـ يىلى، سېنتەبىر

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئادىلجان ئابدۇسالام
مەسئۇل كوررېكتورى: رەنا ئابلىمىت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: مۇراددىل ئابىد

# ئاشۇ كېچە

(شېئىرلار)

ئاپتورى: ئابلىز ئوسمان

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348№)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى لوڭيىدا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787 مم، 1/32 باسما تاۋىقى: 5.25
2003 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2003 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 5000
ISBN 7—228—08014—9
باھاسى: 8.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : مۇراددىل ئابىت



# شۇ كېچە

ISBN 7-228-08040-8
9 787228 080403 >

ISBN7 - 228- 08040 - 8
定价：8.00 元